بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ



﴿وَجَعَلْنَا مِنَ الْمَاءِ كُلَّ شَيْءٍ حَيٍّ﴾

﴿ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق﴾

(21 ـ سۈرە / ئەنبىيا 30 ـ ئايەت)

# ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى

## 2014 ـ يىللىق 10 ـ سان (ئومۇمىي 10 ـ سان)

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

**مەسئۇل مۇھەررىر (مەسلىھەتچى):** پەرھات سەلەي

**باش مۇھەررىر:** يالقۇن ئىسمائىل

**مۇھەررىرلەر:** مۇختەرەم شېرىپ داموللا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللاھ دامولla ھاجى، ئابدۇراخمان ئابدۇقادىر

**تەكلىپلىك مۇھەررىر:** مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**تەكلىپلىك كوررېكتور:** ئارزۇگۈل كېرىم

**بەت ياسىغۇچى:** ئابدۇللا مەتتۇرسۇن

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:**

مۇختەرەم شېرىپ دامولla ھاجى، ئابدۇشۈكۈر دامولla ھاجى، نۇرمۇھەممەد دامولla ھاجى، ئابدۇكېرەم دامولla ھاجى، ئابدۇۋاھاپ دامولla ھاجى، ئابدۇرېھىم دامولla ھاجى، تۇرسۇنجان مەسۇم دامولla ھاجى، نەسىردىن دامولla ھاجى، ئابدۇرەئۇف دامولla ھاجى، مەسئۇد دامولla ھاجى، مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا دامولla، تاشتۆمۈر ئابدۇقادىر دامولla، ئابدۇللاھ ئابدۇراھمان دامولla، ئابدۇراھمان مۇھەممەد دامولla، تۇرسۇن ئەينۇددىن دامولla، مۇھەممەدئىمىن خۇدابەردى دامولla، ئوسمان ساۋۇت دامولla، ياقۇپ ئۆمەر، پەرھات سەلەي، يالقۇن ئىسمائىل

# كىرىش سۆز

ۋەز ئېيتىش ــ ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىسى: ئىمام-خاتىپلار ھەر جۈمە ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە جامائەتكە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي ئەقىدە نەزەرىيەلىرى، فىقھى مەسىلىلىرى، ئىبادەت قائىدە-ئەھكاملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەھمىيىتى زور ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى ۋە جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان مەزكۇر «ئايلىق» ماتېرىيالنى ئىماملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقتى. بۇ ماتېرىيالدىكى ئايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «قۇرئان كەرىم» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2012-يىلى 8-ئاي 1-نەشرىگە ئاساسەن ئېلىندى. ئىماملىرىمىز ئۆكتەبىر ئېيىدىكى جۈمە كۈنلىرى چوقۇم مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋەز-تەبلىغ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسىدا سۆزلىشى كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى
2014- يىلى 1- ئۆكتەبىر

# مۇندەرىجە

## ۋەز - تەبلىغلەر


قۇربان ھېيت ۋە قۇربانلىقنىڭ پەزىلىتى ................................1

ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ................................ 21

ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، جاسارەتلىك - يارامىلىق مۇسۇلمان ياشلاردىن بولايلى!......... 38

دۇئا ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتى ................................ 47

ھاجىلار ئۆزىنىڭ ئۆلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك .............. 66


## ئۆگىنىش كۆلزارى


ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىملىرىدىن ئۆرنەكلەر ...................... 77


## پايدىلىنىۋېلىڭ


ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 10 - ئايلىق ناماز ۋاقىتلىرى.......................... 92

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە : ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بىناسى

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە : ئۈرۈمچى شەھىرى يېكەنكۆل مەيدانى

# قۇربان ھېيت ۋە قۇربانلىقنىڭ پەزىلىتى

أَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

**إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ، نَحْمَدُهُ، وَنَسْتَعِينُهُ، وَنَسْتَغْفِرُهُ، وَنَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَهْدِهِ اللّٰهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِيَ لَهُ. وَأَشْهَدُ أَنَّ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.**

**أَمَّا بَعْدُ:**

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ!

ئالدى بىلەن، ئالەملەرنى ياراتقان، بىزلەرنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن، رىزقىمىزنى يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز.

ئالەمگە نۇر، ئىنسانىيەتكە رەھمەت، بىز ئۈچۈن ئۈستاز قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ۋە سالام يوللايمىز.

ئەزىز قېرىنداشلار! ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بىز سەييىدۇل ئەييام (يەنى كۈنلەرنىڭ خوجىسى) بولغان جۈمە كۈنىدە ئاللاھنىڭ بەيتى بولغان مەسچىتكە يىغىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز. مەقسىتىمىز، پەقەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش، ئاللاھ بىزگە ئىنئام قىلىپ بەرگەن ئىسلام دىنىمىزدا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش، مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن دىدارلىشىپ ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن قېرىنداشلارغا سۆزلەپ بېرىدىغان بۈگۈنكى مەزمۇن، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان قۇربان ھېيت ۋە قۇربانلىق قىلىشنىڭ

پەزىلىتى ھەققىدە.

ئەزىز قېرىنداشـــلار، بۈگۈن قۇربان ھېيت كۈنى كېلىش ئالدىدىكى جۈمە. بىز تېخى بىر نەچچە ئايلار بۇرۇن ئاللاھنىــڭ رەھمىتىــدىن شـــادلانغان ھالدا، بىر ئـايلىق رامىزان ئىبـادىتىمىز ئۈچۈن رەببىمىز ئـاللاھ مۇكـاپـات قىلىـپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن روزا ھېيتنى ئۆتكۈزگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى ئاللاھنىڭ يەنە بىر مەرھەمىتىنى، خۇشـاللىق پەيتلىرىنى چىللايدىغان، قەلبلەرگە خۇشـاللىق بېغىشلىغۇچى، خۇش مۇبارەك قۇربان ھېيتقا تەييارلىق قىلىپ تۇرۇپتىمىز.

بەلكىم بەزىلىرىمىز ئامال قىلىپ قۇربان ھېيتنى بالا چاقىلىرىمىز بىلەن ئەھمىيەتلىــك ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىــڭ زېھنىــدە ئـاتـا ـ بوۋا ئەجـدادلىرىمىز داۋاملاشــتۇرۇپ كەلگەن مۇشـۇ ئىسـلامي ئەنئەنە ھەققىدە چوڭقۇر خاتىرىلەرنى قالدۇرۇشنى ئويلاۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن.

مانا ھېيت داســتىخىنىمىزغا تىزىدىغان نەرســىلەرنى تەييارلىدۇق. ئۆي جـابـدۇقلارنى چىرايلىق ھـازىرلىـدۇق. قۇربـان ھېيتتـا پەرزەنتلىرىمىزنىــڭ كىيىدىغان كىيىملىرىنى، بىزدىن تەلەپ قىلىدىغان سوۋغاتلىقلىرىنى، ئۇلارغا تارقىتىپ كۆڭلىنى ئالىدىغان ھېيتلىق پۇللارنى تەييارلىدۇق. ئىشنىمىزكى بىز بۇنىڭغا قولىمىزدىن كەلگىنىدىنمۇ بەكرەك ياخشى تەييارلىق قىلدۇق.

ئەمدىكى نېگىزلىك مەســىلە پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ســوئاللىرى، بىز ئۇلارغا تەييارلىق قىلمىساق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلەردىن، بۇ قانداق ھېيت؟ ئۇنىڭ كېلىـپ چىقىش تـارىخى قـانداق؟ ئۇنىـڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟ بۇ ھېيتتا نېمە ئىشـــلارنى قىلىمىز، نېمىلەرنى قىلمايمىز؟ دېگەن ســوئاللىرىغا چوقۇم قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ مەسىلىلەر بىزگە ئېنىق بولمىغاندا، بىزنىڭ بۇ ھېيتتا قىلغان پائالىيەتلىرىمىز پەقەت يۈزەكى ئويۇن ـ تاماشـادىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. شـۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن جۈمە خۇتبىســىدىن پايدىلىنىپ مانا شـۇ مەزمۇنلار ھەققىدە قېرىنداشــلارغا قىســقىغىنا مەلۇمات بېرىشنى توغرا تاپتۇق.

ئەزىز قېرىنداشلار، ھەر قېتىم قۇربان ھېيت كەلسە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

ھەققىدىكى تارىخى قىسسە يادىمىزغا كېچىپ ئۆتىدۇ. ھەر قېتىملىق ھېيت خۇتبىسىدە ئۇنى ئەسلەپ ئۆتمەي بولمايدۇ. ھەر قېتىم قۇربانلىق قوينى ياتقۇزغىنىمىزدا ئۇنى بالىلىرىمىزغا سۆزلەپ بېرىمىز. مەككە مۇكەررەمەگە ئاللاھنىڭ ئۆيى بولغان كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بارغان ھاجىلار مەقامى ئىبراھىمدا، ئەرافاتتا، مىنا تاغلىرىدا بۇ قىسسىنى ئەسلىشىدۇ.

بىز بۇ قىسسىنى ئەسلىگىنىمىزدە، كۆز ئالدىمىزدا چىرايدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان ياشانغان بىر بوۋاي گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ سەكسەن نەچچە ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا پەرزەنتلىك بولۇپ، قىران دەۋرىگە قەدەم قويغان بىر ئوغۇلنى كەينىدىن ئەگەشتۈرۈپ، بۈگۈنكى مىنا تاغلىرىدا كېتىپ بارماقتا. ئۇ ئېغىر سىناقلار كۈتۈپ تۇرغان ئىمتىھان مەيدانىغا ئامالسىز، زورلانغان قىياپەتتە ئەمەس، بەلكى تولۇپ تاشقان مۇھەببەت قىزغىنلىقى بىلەن ئۆز رەببىنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كېتىپ بارىدۇ.

ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئىككىلەنمەستىن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مىنا تاغلىرىدا كېتىپ بېرىۋاتىدۇ .

ئۇ بوۋاينىڭ ئەگەشتۈرۈۋالغىنى ئۇنىڭ باللىرىنىڭ بىرسى ئەمەس، بەلكى ياشانغان ۋاقتىدا تاپقان بىردىنبىر بالىسى، بۈگۈن ئۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئەنە شۇ تاتلىق پەرزەنتى ھەققىدىكى ئىمتىھاندىن ئۆتمەكچى. «قۇرئان كەرىم» دە شۇنداق بايان قىلىنىدىكى:

﴿إِذْ قَالَ لَهُ رَبُّهُ أَسْلِمْ قَالَ أَسْلَمْتُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

**﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا «سەن ئىتائەت قىلغىن» دېگەن ئىدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەشكارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى.﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 131 ـ ئايەت)**

بۈگۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ يولىدا ئەنە شۇ جىگەر پارىسىنى قۇربانلىق قىلماقچى، ھەقىقىي مۆمىنىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بېرىدىغان ﴿إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ يەنى **﴿مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەشكارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 162 ـ ئايەت)**

دېگەن ۋەدىسىنى ئادا قىلماقچى.

قېرىنداشلار، بىز بۇ تارىخنى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدا ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ساداقەتمەنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان پەرمان بەردارلىق كۆرۈنىشى گەۋدىلىنىدۇ.

بۇ خاتىرىلەر بىزگە شۇنداق خىتاب قىلىدۇكى، بۈگۈنكى قۇربان ھېيت ئاددىي پەيدا بولۇپ قالغان مۇراسىم ئەمەس، ئويۇن تاماشادىن باشقا مەنىسى بولمىغان پۈچەك بايراملارغا ئوخشاش ئادەتتىكى بايرام ئەمەس، بەلكى بۇ بەندە بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىتائەت سەھنىسىدە روياپقا چىققان ئەڭ يۈكسەك بىر سەمەرىدىن ئىبارەت.

بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۆتكۈزۈۋاتقان قۇربان ھېيت ئەنە شۇ ئىمتىھان مەيدانىدا روياپقا چىققان، ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنسانىيەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ رەببىگە بولغان ساداقىتى، ئاللاھ تائالا يولىدا بارلىقىنى قۇربان قىلىشتەك پىداكار روھىنى خاتىرىلەپ كەلمەكتە.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ إِبْرَاهِيمَ كَانَ أُمَّةً قَانِتًا لِّلَّـهِ حَنِيفًا وَلَمْ يَكُ مِنَ الْمُشْرِكِينَ شَاكِرًا لِّأَنْعُمِهِ اجْتَبَاهُ وَهَدَاهُ إِلَىٰ صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾

**﴿ئىبراھىم ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچى ئەمەس، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى بىر پېشىۋا ئىدى. ئىبراھىم ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. ئاللاھ ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى﴾ (16 ـ سۈرە / نەھل 120 ـ ،121 ـ ئايەت) دېگەن سۈپەتلەر بىلەن تىلغا ئالغان.**

ئەنە شۇ تارىخى مىنۇتلاردا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مىنا تاغلىرىغا ئېلىپ كەلدى. نېمە ئۈچۈن؟ ئۇنى ئاللاھ يولىدا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن. بۇ قىسسە «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق بايان قىلىنغان.

﴿فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ السَّعْيَ قَالَ يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَىٰ فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ فَانظُرْ مَاذَا تَرَىٰ﴾

**﴿ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى (قۇربانلىق ئۈچۈن) بوغۇزلاپ چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېۋىدى﴾ (37 ـ سۈرە / سافغات 102 ـ ئايەت)**

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ يولىدىكى قۇربانلىقنىڭ مەنىسىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى پەيغەمبەر، پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر، ئۇلار ھەر ئىشنى قىلسا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ جېنى ئاللاھ يولىدا قۇربانلىق قىلىنسا بۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن شان ـ شەرەپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خۇشاللىقىدا ئىككىلەنمەستىن جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

﴿قَالَ يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ سَتَجِدُنِي إِن شَاءَ اللَّهُ مِنَ الصَّابِرِينَ﴾

**﴿ئۇ (ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام): «ئى ئاتا! سەن نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا، مېنىڭ سەۋر قىلغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن» دېدى.﴾ (37 ـ سۈرە / سافغات 102 ـ ئايەت)**

﴿فَلَمَّا أَسْلَمَا وَتَلَّهُ لِلْجَبِينِ وَنَادَيْنَاهُ أَن يَا إِبْرَاهِيمُ قَدْ صَدَّقْتَ الرُّؤْيَا إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ الْبَلَاءُ الْمُبِينُ وَفَدَيْنَاهُ بِذِبْحٍ عَظِيمٍ وَتَرَكْنَا عَلَيْهِ فِي الْآخِرِينَ سَلَامٌ عَلَىٰ إِبْرَاهِيمَ كَذَٰلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ إِنَّهُ مِنْ عِبَادِنَا الْمُؤْمِنِينَ﴾

**﴿ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنۇپ، ئىبراھىم ئۇنى يېنىچە ياتقۇزغان ۋاقىتتا، بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! سەن ھېلىقى چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ، بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز، بۇ ناھايىتى ئوچۇق بىر سىناقتۇر» دەپ نىدا قىلدۇق، ھەمدە بىز ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىق (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقار) نى بەردۇق. بىز كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ ياخشى نامىنى قالدۇردۇق. ئىبراھىمغا سالام بولسۇن! بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۆمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر﴾ (37 ـ سۈرە / سافغات 103 ~ 111 ـ ئايەت)**

مانا كۆرۈڭلار قېرىنداشلار! ئاللاھ ئۇلارنىڭ قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلدى.

ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرەك پارىسىدىن ۋاز كېچىپ قىلغان قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ھاجەر ئانىمىزنىڭ ئاللاھقا بويسۇنۇشتەك ئىتائەتمەنلىكىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ يولىدا جېنىدىن كېچەلەيدىغان پىداكارلىقىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى، ھاجەر ئانىمىزنى ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى پەرزەنت مۇھەببىتى ۋە ھايات ماماتلىق سىنىقىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىنسانىيەتكە ئاللاھقا قىلىنىدىغان قۇلچىلىقنىڭ، پەرمان بەردارلىقنىڭ يۈكسەك ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى.

قېرىنداشلار، مانا بۇ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ھېيتىمىزنىڭ، ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇربانلىق پائالىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دەيمىزكى، بۇ ئويۇن تاماشا بايرىمى ئەمەس، بۇ بىر قېتىملىق ساداقەتمەنلىك، پىداكارلىق، تەقۋادارلىقنى خاتىرىلەيدىغان بايرام.

ئەي كەيگەن يېڭى كىيىملىرى بىلەن مودا قوغلىشىش ئۈچۈنلا قۇربان ھېيتنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتقانلار بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇ چوڭچىلىق، ئابروي پەرەسلىك تالىشىدىغانلارنىڭ بايرىمى ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا قىلىنىدىغان قۇلچىلىقنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىنى خاتىرىلەيدىغان ئىبادەت بايرىمى.

ئەگەر قەلبىمىزدە ئاللاھقا بولغان سەمىمىي ئىخلاس بولمىسا، بىزنىڭ ھەر قانداق ئەمەل-ئىبادىتىمىز، قىلغان قۇربانلىقىمىزنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَن يَنَالَ اللَّـهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَـٰكِن يَنَالُهُ التَّقْوَىٰ مِنكُمْ كَذَٰلِكَ سَخَّرَهَا لَكُمْ لِتُكَبِّرُوا اللَّـهَ عَلَىٰ مَا هَدَاكُمْ وَبَشِّرِ الْمُحْسِنِينَ﴾

**﴿ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر. ئاللاھنىڭ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەھكاملىرىغا يېتەكلىگەنلىكىنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە ئاشۇنداق**

**بويسۇندۇرۇپ بەردى. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن﴾ (22 ـ سۈرە / ھەج 37 ـ ئايەت)**

ئەنە شۇ تەقۋادارلارنىڭ ئىبادىتى ئاللاھنىڭ ئالدىدا قوبۇل بولغاچقا بۈگۈنكى كۈندە نەچچە مىليون مۇسۇلمان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئېرىشكەن ئاللاھنىڭ شۇ شەپقەتلىرىنى ئۈمىد قىلىشىپ، ئۇلار بىنا قىلغان ئاشۇ كەئبە ئەتراپىدا، ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى تەقلىد قىلىپ ئايلانماقتا. سافا ـ مەرۋە ئارىلىقىدا يۈگۈرۈپ ھاجەر ئانىمىزنىڭ سۇ ئىزدەپ يۈگۈرگەن شۇ مىنۇتلارنى قايتىدىن ئەسلەشمەكتە. مىنا تاغلىرىدا شەيتانغا تاش ئېتىپ شەيتانغا بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلىمەكتە. ئۇلار باسقان ھەر بىر قەدەمنى ئىبادەت بىلىپ ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن بىۋاستە ئۆتكۈزمەكتە. ئۇلارنىڭ ئىخلاسلىرى قوبۇل قىلىنغاچ ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى بىز ئۈچۈن قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇلدى.

ئۇنداقتا قۇربانلىق ھەققىدىكى ئايەتتە بىزدىن تەلەپ قىلىنغان تەقۋادارلىق قايسىلار؟

تەقۋادارلىق ھەر بىر ئىشتا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش دېمەكتۇر.

تەقۋادارلىق ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىش دېمەكتۇر.

دۇنيا ھاياتىدىكى ھەربىر كۈنىمىزدە ئېلىپ بارغان ھەربىر ئىشىمىز، قىلغان ھەر بىر ئىبادىتىمىز، ھەر بىر تاللىشىمىز بىزدىن تەقۋادارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

مانا شۇ پىداكارلىق روھى قۇربانلىقىمىزدا ئەمەلىيلەشكەن ۋاقىتتا ئاندىن، بىزنىڭ قۇربانلىقىمىز ھەقىقىي قۇربانلىق بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنى مۇكەممەل قۇربانلىققا مۇيەسسەر قىلسۇن، بۈگۈن قىلغان قۇربانلىقىمىزنى قوبۇل قىلسۇن، ئامىن!

بىز يۇقىرىدا، قۇربانلىقنىڭ تارىخى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا توختالدۇق. ئەمدى بىز شۇ تەقۋادارلىق ئۈچۈن قىلىدىغان قۇربانلىققا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار، قۇربانلىق قىلىدىغان ماللارنىڭ سۈپىتى، ھېيت كۈنى ئۈچۈن

قىلىدىغان تەييارلىقلار ھەققىدە، قېرىنداشلىرىمىزغا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز.

**قۇربانلىق دېگەن نېمە؟**

قۇربانلىق دېگەن: ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇش نىيىتى بىلەن، قۇربانلىق قىلىش بەلگىلەنگەن كۈنلەردە، قۇربانلىق شەرتىگە لايىق بولغان قوي، كالا، تۆگە ۋە ئۆچكە قاتارلىق چارۋا ماللارنى ئىبادەت مەقسىتىدە بوغۇزلاشنى كۆرسىتىدۇ.

**قۇربانلىق قىلىش نېمە ئۈچۈن يولغا قويۇلغان؟**

بۇ ئىبادەت ئەسلىدە بىز يۇقىرىدا ئېيتقان تارىخى ۋەقەگە ئاساسەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولغا ئەگىشىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ساداقىتى تۈپەيلى ئۇنىڭغا جىبرىئىل ئارقىلىق بىر قوچقارنى ئوغلىنىڭ ئورنىدا بوغۇزلاشقا چۈشۈرگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئاللاھ تائالا بۇ پائالىيەتنى مۇسۇلمانلارغا سۈننەت قىلىپ بېكىتكەن.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لِكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلْنَا مَنسَكًا لِّيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّـهِ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّن بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ فَإِلَـٰهُكُمْ إِلَـٰهٌ وَاحِدٌ فَلَهُ أَسْلِمُوا وَبَشِّرِ الْمُخْبِتِينَ﴾

**﴿ھەر ئۈممەت ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى بوغۇزلىغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق. سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار. ئىتائەتمەنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن﴾ (22 ـ سۈرە / ھەج 34 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىقنى ئىنسانلارنىڭ نەھرى كۈنىدىكى ئەمەللىرى ئىچىدە ئەڭ ئەرزىيدىغان ئەمەل دەپ سۈپەتلەش بىلەن ئۇنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى پەزىلىتىنى بايان قىلغان ئىدى.

[عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: مَا عَمِلَ اِبْن اٰدَمَ يَوْمَ النَّحْرِ أَفْضَلُ مِنْ إِهْرَاقِهِ دَمًا وَإِنَّهَا تَأْتِيْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِقُرُوْنِهَا وَأَشْعَارِهَا وَأَظْلَافِهَا إِنَّ الدَّمَ لَيَقَعُ عِنْدَاللهِ عَزَّ وَجَلَّ بِمَكَانٍ قَبْلَ أَنْ يَقَعَ عَلَى الْاَرْضِ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**"قۇربان ھېيت كۈنى ئادەم بالىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشتىن ئەۋزەلرەك بىرەر ئەمەل يوق. جەزمەنكى قۇربانلىق قىلىنغان مال قىيامەت كۈنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن، تۈكلىرى بىلەن، تۇياقلىرى بىلەن گۇۋاھچى بولۇپ كېلىدۇ، قۇربانلىقنىڭ قېنى يەرگە چۈشۈپ بولغىچە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇپ بولىدۇ. ( ئىمام تىرمىزي رىۋايەت قىلغان)**

**قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىشنىڭ شەرئەتتىكى ھۆكمى نېمە؟ كىملەرگە قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ؟**

قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىشنىڭ شەرئىي ئىبادەت ئىكەنلىكىدە بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەن.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ﴾

**﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن﴾ (108 ـ سۈرە / كەۋسەر 2 ـ ئايەت)**

قەتادە، ئىكرىمە ۋە ئەتائ قاتارلىق ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بۇ ئايەتتىن مەقسەت "ھېيت نامىزى ئوقۇش بىلەن قۇربانلىق قىلىش" دەپ تەپسىر قىلغان.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ قۇربانلىق ھەققىدە كۆپلىگەن ھەدىسلەر كەلگەن بۇنىڭ دەلىلى:

[عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ: ضَحَّى رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِكَبْشَيْنِ أَمْلَحَيْنِ أَقْرَنَيْنِ، فَرَأَيْتُهُ وَاضِعًا قَدَمَهُ عَلَى صِفَاحِهِمَا يُسَمِّي وَيُكَبِّرُ، فَذَبَحَهُمَا بِيَدِهِ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**"ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۈڭگۈزلۈك ئىككى ئالاقارا قوچقارنى قۇربانلىق قىلغان، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ پۇتىنى ئۇ ئىككىسىنىڭ بوينىغا قويۇپ تۇرۇپ، "بىسمىللاھ" دەپ تەكبىر ئېيتىپ، ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلىغانلىقىنى كۆرگەن." (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)**

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئەۋزائى قاتارلىق كۆپچىلىك ئالىملار كۈچى يەتكەن ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش

ۋاجىب دەپ قارىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بۇنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: مَنْ كَانَ لَهُ سَعَةٌ وَلَمْ يُضَحِّ فَلَا يَقْرَبَنَّ مُصَلَّانَا.] (رَوَاهُ أَحْمَدُ وَابْنُ مَاجَه)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى قۇربىتى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق قۇربانلىق قىلمايدىكەن، بىزنىڭ نامازگاھىمىزغا يېقىن يولۇقمىسۇن.“ (ئىمام ئەھمەد، ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)**

ئىمام شەۋكانىي مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ”قۇربىتى يەتكەن كىشى قۇربانلىق قىلمىسا، نامازگاھقا يېقىن يولىمىسۇن“ دېگەنلىكى ئۇ كىشىنىڭ ۋاجىبنى تەرك قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر ۋاجىبنى تاشلاپ تۇرۇپ ئاللاھقا ناماز ئوقۇپ يېقىنلىشىشنىڭ پايدىسى يوقلىقىغا ئوخشاشتۇر.

دېمەك، قۇربانلىقنىڭ ھۆكمى قۇربىتى يەتكەن كىشىگە ۋاجىپتۇر. قۇربانلىق قىلىش ئىسلامىيەتنىڭ شوئارى، دىنىنىڭ بەلگىسىدۇر. قۇربانلىق قىلىشنىڭ دىنىي ئىبادەتنى ئورۇندىغان، شەرىئەت ئەنئەنىسىنى ئىجرا قىلغان بولىمىز. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىزچىل قىلىپ كەلگەن ئىشنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بولىمىز. ئۇنىڭدىن سىرت قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى زىكىر قىلىش، بالا ـ چاقىلىرىمىز بىلەن بايرام تەنتەنىسىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئەتراپىمىزدىكى ئاجىز، مىسكىنلەرنى يوقلاش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

## قانچىلىك ئىقتىسادى بار ئادەم قۇربانلىق قىلىدۇ؟

ئالىملار قۇربانلىق قىلىدىغان كىشىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدا زاكات بېرەلەيدىغان بولۇشىنى شەرت قىلغان، يەنە بەزى ئالىملار ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ بىر يىللىق ئېھتىياجىدىن ئاشسا قۇربانلىق

ۋاجىب بولىدۇ، دەپ قارىغان. بۇلارغا ئاساسەن ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئىقتىسادى بولغانلارنىڭ قۇربانلىق قىلىشى ۋاجىب ئىكەنلىكى مۇئەييەنلىشىدۇ.

ناۋادا كەمبەغەل بولۇپ، ئۆزى ئېھتىياجلىق بولسا قۇربانلىق قىلغاندىن كېيىن، ساقلاپ يېسىمۇ (ئاللاھ خالىسا) قۇربانلىق قىلغانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى ئاچارچىلىق يىللاردا "قۇربانلىقنى ئۈچكە بۆلۈشنى" بۇيرۇغان بولسا، كېيىن "ساقلاپ يېسەڭلارمۇ بولىدۇ" دەپ رۇخسەت قىلغان.

**بىر ئائىلىگە بىر قۇربانلىق كۇپايە قىلامدۇ؟**

كۈچلۈك قاراشتا بىر ئائىلە كىشىلىرى قانچە كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر قۇربانلىق بىر ئائىلىگە يېتەرلىك بولىدۇ، بۇنىڭدا بىر تۆگە ياكى بىر كالا ياكى بىر قوي ئوخشاش.

[عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى أَضْحِيَتِهِ قَالَ: بِاسْمِ اللهِ اللَّهُمَّ تَقَبَّلْ مِنْ مُحَمَّدٍ وَآلِ مُحَمَّدٍ وَمِنْ أُمَّةِ مُحَمَّدٍ.] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**"ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قوينى قۇربانلىققا بوغۇزلىغاندا مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ئى ئاللاھ! مۇھەممەدتىن، مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىن ۋە مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىدىن (بۇ قۇربانلىقنى) قوبۇل قىلغىن." (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ئىمام شەۋكانىي مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بىر قوي بىر كىشىگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا ئۇلار يۈز كىشى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ قۇربانلىقى ئادا بولىدۇ. دەپ قارىغان.

ئەگەر ئائىلىدە ئەر كىشى بولمىغان تەقدىردە ئائىلىگە باش بولغان ئايال ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىدۇ. ئەگەر يولدىشى يېنىدا بولمىغان ئەھۋالدا يولدىشىنىڭ پۇلىدىن قۇربانلىق قىلىدۇ.

ئەگەر بىر چوڭ ئائىلىدە بىر قانچە ئەر كىشى بولسا، مەسىلەن، ئاتا بىر

قانچە ئوغۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىدىغان بولسا، ئاتىنىڭ ئىقتىسادى ئايرىم، ئوغۇللىرىنىڭ ئىقتىسادى ئايرىم بولسا، ھەر بىرى ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن ئايرىم قۇربانلىق قىلىدۇ.

ئىقتىسادى ئايرىم بولماي ئىقتىسادىنى ئاتىسى ئورتاق باشقۇرىدىغان، ئوغۇللىرىنىڭ ئايرىم ئىقتىسادى يوق بولسا، يۇقىرىقى ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قۇربانلىق كۇپايە قىلىدۇ. باشقا باشقا يەردە تۇرىدىغان بولسىمۇ ئاتىسىنىڭ ئىقتىسادى بىلەن بېقىلىپ كېلىۋاتقانلار بولسا، يەنىلا بىر قۇربانلىق ھەممىسىگە كۇپايە قىلىدۇ.

سەدىقە پىتىر ۋاجىب بولغان كىشىگە قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. شۇڭا، بەزى ياشلار ئائىلىسىدىكى جان سانىنىڭ ئازلىقىغا قاراپ: چوڭلار قىلغاندىكىن بىز قىلمايلى، دېيىشى توغرا ئەمەس.

**قايسى خىل چارۋا ـماللار قۇربانلىق شەرتىگە توشىدۇ؟**

1. كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال قوي، كالا ۋە تۆگە قاتارلىق چارۋا ماللاردىن بىرى بولۇشى كېرەك. تۇر جەھەتتىن قوتاز كالا دائىرىسىگە ئۆچكە قوي دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿لِيَشْهَدُوا مَنَافِعَ لَهُمْ وَيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّـهِ فِي أَيَّامٍ مَّعْلُومَاتٍ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّن بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ﴾

**﴿كىشىلەر (ھەج جەريانىدا) ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (ماددىي ۋە مەنىۋى) مەنپەئەتلەرگە ھازىر بولسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بوغۇزلىسۇن﴾ (22 ـ سۈرە / ھەج 28 ـ ئايەت)**

قۇربانلىق مالنىڭ ياش ئۆلچىمى:

كۆپچىلىك ئالىملار ئاساسەن: قوي ئالتە ئايلىقتىن چوڭ بولۇشى، ئۆچكە بىر يىلنى تولدۇرۇپ بولغان بولۇشى، كالا ئىككى يىلنى تولدۇرۇپ بولغان بولۇشى، تۆگە بەش يىلنى تولدۇرۇپ بولغان بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن خالىي بولۇشى كېرەك. ئىككى كۆزى، ياكى بىر كۆزى قارىغۇ، كۆزىنىڭ خۇنى كەتكەن، قۇلىقى ياكى تىلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسىمىدىن كۆپرەك يېرى كېسىۋېتىلگەن، بۇرنى كېسىۋېتىلگەن، مۈڭگۈزى سۇندۇرۇۋېتىلگەن، چىشى ھەممىسى چۈشۈپ كەتكەن، توكۇر بولۇپ قالغان ماللار قۇربانلىققا يارىمايدۇ. قۇيرۇقى ياكى يىلىنى ئۈچتىن بىر قىسىمىدىن ئارتۇقراق قىسمى كېسىۋېتىلگەن بولسا قۇربانلىققا يارىمايدۇ. ئەگەر تۇغۇلۇشتىن قۇيرۇقسىز ياكى يېلىنسىز تۇغۇلغان بولسا قۇربانلىققا يارايدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ گەرچە بوغۇزلىنىدىغان، يېيىلىدىغان مال بولسىمۇ، ئاللاھقا قىلىنىدىغان ھەدىيە بولغىنى ئۈچۈن پاكىزە، ساغلام، ھەممە ئەزالىرى نۇقسانسىز، مۇكەممەل بولغان مالنى تاللاش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر ئىش.

نىجىس نەرسىلەرنى يەيدىغان مال بىر مۇددەت پاك يەم بىلەن بېقىلىپ ئاندىن قۇربانلىق قىلىنسا بولىدۇ. تۆگە قىرىق كۈن، كالا يىگىرمە كۈن، قوي ئون كۈن سولاپ بېقىلسا بولىدۇ.

قۇربانلىققا نىيەت قىلغاندىن كېيىن ئەيىبكار بولۇپ قېلىشى:

بەزى ئالىملار ساق ۋە ساغلام بىر مالنى قۇربانلىق نىيىتى بىلەن سېتىۋالغاندىن كېيىن، بوغۇزلاپ بولغىچە ئەيىبلىك بولۇپ قالسا، قۇربانلىققا يارايدۇ، چۈنكى نىيەت قىلىپ سېتىۋالغان چاغدا ساق ـ سالامەت بولىشىغا دىققەت قىلغان بولسا، سېتىۋالغاندىن كېيىن ئەيىبلىك بولۇپ قېلىشى ئادەتتە نورمال ئەھۋال، دەپ قارىغان.

**قۇربانلىق ئۈچۈن ئاتاپ ئالغان قوي بوغۇلۇپ ئۆلۈپ قالسا، قۇربانلىق قىلغان ئەجىر بولامدۇ؟**

قۇربانلىق مال ئۆلۈپ قالسا، ياكى ئوغۇرلىنىپ كەتسە، ياكى يۈتۈپ كەتسە، ئامانەتكە قىياس قىلىپ ئەھۋالغا قارايمىز. ئىگىسى ياخشى قارىماي تاشلاپ قويغان ئەھۋال بولسا، باشقا مالنى قۇربانلىق قىلىشى لازىم، نورمال خەۋەر

ئېلىپ ساقلىغان ئەھۋالدا، يۇقىرىقىدەك ئىشلار يۈز بەرسە، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇربانلىق قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

### توگە ۋە كالا قانچە كىشى ئۈچۈن قۇربانلىققا يارايدۇ؟

توگە ياكى كالا بىر ئائىلە ئۈچۈنمۇ ياكى قۇربانلىق قىلماقچى بولغان يەتتە ئائىلە ئۈچۈنمۇ قۇربانلىققا يارايدۇ. يەتتە كىشى گۆشنى باراۋەر تەقسىم قىلىۋالسا بولىدۇ.

[عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عُنْهُ قَالَ: نَحَرْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَامَ الْحُدَيْبِيَةِ اَلْبَدْنَةَ عَنْ سَبْعَةٍ وَالْبَقَرَةَ عَنْ سَبْعَةٍ.]

**"جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: بىز رەسۇلۇللاھ ساللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھۇدەيبىيە يىلى بىر توگىنى يەتتە كىشىگە، بىر كالىنى يەتتە كىشىگە قۇربانلىق قىلغان" (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا، قۇربانلىق قىلىشقا چارۋا ماللارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى توگە، ئاندىن قالسا كالا، ئاندىن قالسا قوي، ئاندىن قالسا ئۆچكە.

### قۇربانلىق قىلماي قۇربانلىق مالنىڭ پۇلىنى سەدىقە قىلسا بولامدۇ؟

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ دەلىل جەھەتتىن كۈچلۈك قارىشىدا قۇربانلىققا مال بوغۇزلىماي مال ئالىدىغان پۇلنى نامراتلارغا سەدىقە قىلسا قۇربانلىق ئادا بولمايدۇ، مال ئېلىپ بوغۇزلىماي گۆش سېتىۋېلىپ پۇقرالارغا تارقىتىپ بەرسىمۇ ئوخشاشلا قۇربانلىق ئادا بولمايدۇ. قىلغىنى پەقەتلا ئادەتتىكى سەدىقە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿وَالْبُدْنَ جَعَلْنَاهَا لَكُم مِّن شَعَائِرِ اللَّـهِ لَكُمْ فِيهَا خَيْرٌ فَاذْكُرُوا اسْمَ اللَّـهِ عَلَيْهَا صَوَافَّ فَإِذَا وَجَبَتْ جُنُوبُهَا فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْقَانِعَ وَالْمُعْتَرَّ كَذَٰلِكَ سَخَّرْنَاهَا لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ لَن يَنَالَ اللَّـهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَـٰكِن يَنَالُهُ التَّقْوَىٰ مِنكُمْ كَذَٰلِكَ سَخَّرَهَا لَكُمْ لِتُكَبِّرُوا اللَّـهَ عَلَىٰ مَا هَدَاكُمْ وَبَشِّرِ الْمُحْسِنِينَ﴾

**﴿كەئبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان توگىنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىن قىلدۇق، ئۇلاردا سىلەرگە نۇرغۇن پايدا بار، ئۇلارنى (ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن)**

**تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار)، ئۇلارنىڭ جېنى چىققاندا، ئۇلارنى يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار. سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە شۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر. ئاللاھنىڭ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەھكاملىرىغا يېتەكلىگەنلىكىنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە ئاشۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن﴾ (22 ـ سۈرە / ھەج 36 ـ ،37 ـ ئايەت)**

دېمەك، كەئبىگە ھەدىيە قىلىنىدىغان قۇربانلىق، ھېيت قۇربانلىقى ۋە ئەقىقە قاتارلىقلار دىنىنىڭ سىمۋوللىرى، شوئارلىرى، بەلگىلىرىدۇر، رەسۇلۇللاھ سالللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر. ئەگەر قۇربانلىققا مال سويماي نامراتلارغا پۇل ياكى گۆش تارقىتىپ بېرىش ئەۋزەل بولىدىغان بولسا، ياكى قۇربانلىقنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ سالللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلغان بولاتتى.

**قۇربانلىق مالنىڭ بىرەر قىسمىنى سېتىشقا، بىر نەرسىگە تېگىشىشكە بولامدۇ؟**

قۇربانلىق مال ئۇلاغ قىيامەت كۈنى مۈڭگۈز ـ تۇياقلىرى بىلەن تولۇق ھالەتتە كېلىدۇ. ھەربىر تۈكلىرىگە قەدەر بىردىن ياخشىلىق يېزىلىدۇ. قۇربانلىق مالنىڭ گۆشى، تېرىسى، مېيى ۋە كاللا ـ پاقالچاقلىرى، ئۈستىخانلىرى، يۇڭلىرى، مۈڭگۈزلىرى قاتارلىق پارچىلىرى ئۇنىڭ گۆشىگە ئوخشاش. شۇڭا، ئۇنىڭ قايسىبىر قىسمىنى سېتىشقا، بىر نەرسىگە تېگىشىشكە بولمايدۇ. ئەگەر سېتىۋەتكەن تەقدىردىمۇ پۇلىنى خەجلىمەستىن سەدىقە قىلىۋېتىلسە جائىز بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ بَاعَ جَلْدَ أُضْحِيَتِهِ فَلاَ أُضْحِيَةَ لَهُ.] (رَوَاهُ الْحَاكِمُ وَالْبَيْهَقِيُّ)

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى ساتىدىكەن، ئۇنىڭغا بۇ قۇربانلىقتا نېسىۋە يوق (ساۋاب يوق)." (ئىمام ھاكىم ۋە بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان)**

قاسساپنىڭ ھەققى قۇربانلىقتىن بېرىلمەي پۇل ياكى باشقا نەرسىدىن بېرىلىدۇ. ئۇنى ئايرىم رازى قىلىش لازىم. سويغۇچىمۇ بىرەر ئەزاسىنى بېرىشنى تەلەپ قىلماسلىقى ياكى شەرت قىلماسلىقى لازىم. ئۇنداق بولمىسا قۇربانلىقنىڭ ئەجرى بولمايدۇ.

[عَنْ عَلِيٍّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَمَرَنِي النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ أَقُومَ عَلَى الْبُدْنِ، وَلاَ أُعْطِيَ عَلَيْهَا شَيْئًا فِي جِزَارَتِهَا.]

**"ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سالللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ھەدىيە قۇربانلىق تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدە قاراپ تۇرۇشقا، قاسساپچىلىق ئىش ھەققىگە قۇربانلىق تۆگىلەردىن ھېچ نەرسە بەرمەسلىككە بۇيرىدى." (ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

دىيارىمىزدا تېرىلەرنى توپلاپ سېتىپ پۇلىنى مەسچىت، مەدرىسە، پېقىر-مىسكىنلەر، يېتىم-يېسىرلەرگە ئىشلىتىش جەمىيىتىمىزدە ئومۇملاشقان. بۇنداق ئەھۋالدا قۇربانلىق قىلغۇچى تېرىنى ئۆزى ساتماي مەسچىتكە بەرسىمۇ، تېرىلەرنى توپلىغانلار سېتىپ، پۇلىنى يۇقىرىقى ئورۇنلارغا سەرپ قىلسىمۇ جائىز بولىدۇ.

پېقىرلارغا بەرسە، پېقىرلار سېتىپ خەجلىسە ھەم بولىدۇ. بۇ يەردىكى چەكلىنىش پەقەتلا قۇربانلىق قىلغۇچى ئۆزى سېتىپ خەجلىمەي، شەرىئەت بېكىتكەن ئورۇنغا يەتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ.

## قۇربانلىق قىلىشنىڭ ئالدىدا ۋە قۇربانلىق قىلغاندا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار.

1) قۇربانلىق كۈنى يەنى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى قۇربانلىق قىلىشقا ئالدىراش. چۈنكى بۇ ئالىملارنىڭ نەزىرىدە قۇربانلىق ۋاقتىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى.

رەسۇلۇللاھ سالللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت كۈنى مۇنداق دېگەن:

[إِنَّ أَوَّلَ مَا نَبْدَأُ بِهِ فِي يَوْمِنَا هَذَا أَنْ نُصَلِّيَ ثُمَّ نَرْجِعَ فَنَنْحَرَ فَمَنْ فَعَلَ ذَلِكَ فَقَدْ أَصَابَ سُنَّتَنَا

وَمَنْ ذَبَحَ قَبْلَ أَنْ يُصَلِّيَ فَإِنَّمَا هُوَ لَحْمٌ عَجَّلَهُ لِأَهْلِهِ لَيْسَ مِنَ النُّسُكِ فِي شَيْءٍ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”بۈگۈنكى بۇ كۈنىمىزدە ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشىمىز ھېيت نامىزىنى ئوقۇش، ئاندىن قايتىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىش، كىمكى مۇشۇنداق قىلسا، بىزنىڭ سۈننىتىمىزنى تۇتقان بولىدۇ. كىمكى نامازدىن ئىلگىرى قۇربانلىق قىلغان بولسا، ئەمەلىيەتتە بۇ قىلغىنى ئۆز ئەھلىگە بالدۇرراق تەييارلاپ بەرگەن گۆشتىن ئىبارەت بولىدۇ، ئۇ قۇربانلىق ھېسابلانمايدۇ.“ (ئىمام بۇخاري رىۋايەت قىلغان)**

2) قۇربانلىقتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى قۇربانلىق مالنى تەييارلاپ، بەلگە قويۇپ باغلاپ ياكى سولاپ پاك يەم ـ ھەلەپلەرنى بېرىش ياخشى ئىش.

3) مالنىڭ كۆز ئالدىدا پىچاق بىلەش، بىرىنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىرىنى بوغۇزلاش، بوغۇزلايدىغان جايغا قوپاللىق بىلەن سۆرەپ ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەدەب بىلەن قۇربانلىق قىلىشقا مۇخالىپ بولغان بارلىق قىلمىشلاردىن ساقلىنىش لازىم.

4) پىچاقنى ئىتتىك قىلىپ بىلەش. بۇنداق قىلغاندا مالنى بوغۇزلىغاندا مالنى قىيناپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

5) قۇربانلىق مالنى قىبلىگە يۈزلەندۈرۈپ تۇرۇپ، ئۆزىمۇ قىبلىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ بوغۇزلاش.

6) قوي، ئۆچكە، كالىلارنى يان تەرىپىگە ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتىنى باغلىماي باشقا ئۈچ پۇتىنى باغلاش. تۆگىنى بىر پۇتىنى باغلاپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ ياكى يەرگە چۆككەن ھالىتىدە بوغۇزلاش مۇستەھەب. چۈنكى بۇنداق قىلىش مالغا ئېھسان قىلىش جۈملىسىدىن بولۇپ مالغا ئارام بولىدۇ.

[عَنْ زِيَادِ بْنِ جُبَيْرٍ قَالَ رَأَيْتُ ابْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَتَى عَلَى رَجُلٍ، قَدْ أَنَاخَ بَدَنَتَهُ يَنْحَرُهَا، قَالَ ابْعَثْهَا قِيَامًا مُقَيَّدَةً، سُنَّةَ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.]

**”زىياد ئىبنى جۇبەير رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىيە قۇربانلىق تۆگىسىنى ياتقۇزۇپ تۇرۇپ بوغۇزلىماقچى بولغان كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئۇنى تۇرغۇزۇپ قويۇپ، بىر پۇتىنى باغلاپ بوغۇزلىغىن، بۇ**

**رەسۇلۇللاھ ساللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.“ (ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

7) قۇربانلىقنى ئۆزى بوغۇزلىيالايدىغان بولسا، ھەر كىم قۇربانلىقىنى ئۆزى بوغۇزلاش، قۇربانلىق مالنى ئۆزىمىز بوغۇزلىساق ئەۋزەلراق. ئەگەر ئۆزى بوغۇزلىيالمايدىغان بولسا، باشقىلارغا بوغۇزلاتسا بولىدۇ.

8) قۇربانلىق قىلغۇچى قۇربانلىق قىلغاندا ئۆزى بولۇش، ئائىلە ئەزالىرى قۇربانلىق قىلغاندا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشى ياخشى سانىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[يَا فَاطِمَةُ قُوْمِىْ إِلَى أُضْحِيَتِكِ فَاشْهِدِيْهَا فَإِنَّهُ يُغْفَرُلَكَ عِنْدَ أَوَّلِ قَطْرَةٍ تَقْطِرُ مِنْ دَمِهَا كُلُّ ذَنْبٍ عَمَلْتِيْهِ وَقُوْلِىْ ﴿إِنَّ صَلاَتِىْ وَنُسُكِىْ وِمَحْيَاىَ وَمَمَاتِىْ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ لاَشَرِيْكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِيْنَ﴾ قَالَ عِمْرَانُ: يَا رَسُوْلَ اللّٰهِ هَذَا لَكَ وَلِأَهْلِ بَيْتِكَ خَاصَّةٌ فَأَهْلِ ذَكَ أَنْتُمْ أَمِ الْمُسْلِمِيْنَ عَامَّةٌ؟ لاَ بَلْ لِلْمُسْلِمِيْنَ عَامَّةٌ.]

**”قۇربانلىق قىلىدىغان ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ: ئى پاتىمە، تۇرۇڭ، قۇربانلىقىڭىزنىڭ يېنىغا چىقىپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇڭ، جەزمەنكى ئاللاھ تائالا قۇربانلىقنىڭ تۇنجى تامچە قېنى چۈشكەن ۋاقىتتىن باشلاپ ھەربىر تامچە قان ئۈچۈن سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىزدىن بىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ھەمدە بۇ دۇئانى ئوقۇڭ: ﴿مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مەن مۇشۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجىسىمەن.﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 162 ـ 163، ـ ئايەت) دېدى. ئىمران: ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ سىز ۋە سىزنىڭ ئەھلى بەيتىڭىزگە خاس ئىشمۇ ياكى باشقا مۇسۇلمانلارغىمۇ ئورتاقمۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: ھەممە مۇسۇلمانلارغا ئورتاق، دەپ جاۋاب بەردى.“**

10) قۇربانلىقنى بوغۇزلىغاندا دۇئا قىلىش، ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاش، تەكبىر ئېيتىش.

قۇربانلىق قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

«﴿ إِنِّي وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ حَنِيفًاوَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ ﴾ اَللَّهُمَّ مِنْكَ وَلَكَ بِسْمِ اللهِ اَللهُ أَكْبَرُ»

تەرجىمىسى: «**﴿مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلاردىن يىراق بولۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن.﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 79 ـ ئايەت) ئى ئاللاھ! بۇ نېمەت سەن تەرەپتىن كەلگەن ۋە سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن بوغۇزلىدىم. ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈك، ئۇلۇغدۇر.»**

11) پىچاقنى كۈچ بىلەن بېسىپ تۇرۇپ ئالدى ـ كەينىگە تېز سۈرۈش. بۇنداق قىلغاندا، جېنى تېز چىقىپ، ئازابلانمايدۇ، ھەم قانلار تولۇق ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ.

12) مالنىڭ كاللىسىنى دەرھال ئۈزۈۋەتمەي ئىككى شاخ تومۇر بىلەن كاناي، قىزىل كېكىردەكنى كېسىپ بولغاندىن كېيىن سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇش كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا مال يۇقىرىقى تۆت نەرسىنى كېسىشتىن ئۆلمەي يۈلۈن كېسىلگەنلىكتىن ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن.

13) مالنى بوغۇزلاپ بولۇپلا سويۇشقا ياكى بىرەر يېرىنى كېسىش ياكى سۇندۇرۇشقا تۇتۇش قىلماي، سەل سوۋۇپ روھى بەدىنىدىن تولۇق ئايرىلىپ جىمىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن سويۇشقا باشلاش كېرەك.

**قۇربانلىق مالنى بوغۇزلىغاندا ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاشنى ئۇنتۇپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟**

قۇربانلىق مالنى بوغۇزلىغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ: ”بىسمىللاھ ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ ئاتايمىز. ”بىسمىللاھىر رەھمەنىر راھىم“ دېمەيمىز، چۈنكى بوغۇزلاۋاتقاندىكى ھالەت ئۇنداق دېيىشكە مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئاللاھنىڭ نامىنى: ”بىسمىللاھ“ دەپ ئاتاش ۋاجىب بولۇپ، ئەگەر دېيىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى ئۇقماي ياكى دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئەھۋالدا قۇربانلىقنىڭ گۆشى ھالال بولىۋېرىدۇ، چۈنكى ئۇنتۇش دېگەن ئىنساندا كۆپ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، شەرىئەتتە ھەرەج كۆتۈرۈۋېتىلگەن.

**ھېيت ۋە تەشرىق كۈنلىرى قىلىنىدىغان ئىشلار**

1) ھارپا كۈنىدىن باشلاپ ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەسىر نامىزىغىچە جەمئىي 23 قېتىم تەكبىر ئوقۇلىدۇ، يالغۇزمۇ ئوقۇلىدۇ. ئىمام ئونۇتسا جامائەت ئەسكەرتىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى تەكبىرلەرگە ھەممە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. ئەمما زۇل ھەججە ئېيى كىرگەندىن باشلاپ تەكبىر ئېيتىشتا ئابدۇللا ئىبن ئۆمەر ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ بازارلارغا چىقىپ تەكبىر ئېيتقانلىقى، باشقىلارنىڭ ئۇلارغا ئەگەشكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن زۇلھەججە ئېيى كىرگەندىن كېيىنلا تەكبىر ئېيتىش كېرەك دەيدىغان پىكىرلەرمۇ بار. دىيارىمىزدا بۇ ئومۇملاشمىغان. شۇڭا، ھەممەيلەن شەخسى ھالدا ئۆيلىرىمىزدە، دۇكانلىرىمىزدا ۋە باشقا سورۇنلىرىمىزدا [ اللّٰهُ أَكْبَرُ اللّٰهُ أَكْبَرُ لاَ إلٰه إِلاَّ اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ اللّٰهُ أَكْبَرُ وَلِلّٰهِ الْحَمْدُ] دەپ تەكبىر توۋلىساق بولىدۇ.

2) ھېيت نامىزىنىڭ ھۆكمى ۋاجىب. ھېيت نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر كەلگەن يېرىدىن تولۇقلايدۇ. ئەمما تەكبىرلىرىنى تولۇق ئېيتىدۇ.

3) ھېيت نامىزى قايتىلانمايدۇ. شۇڭا بالدۇرراق كېلىش لازىم.

4) ئەرافات كۈنىدىكى روزا (بىزنىڭ تىلىمىزدا ھارپا كۈنىدىكى روزا) قۇربان ھېيت ئېيى كىرگەندىن كېيىنكى توققۇز كۈندە روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى بولۇپمۇ 9-كۈنى ئاراپات كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ ساۋابى بەك كۆپ.

ھېيت پەتىسى ساۋاپلىق ئىشلاردىن بولۇپ، ھېيتتا ئاتا-ئانىلارنى، ئۇستازلارنى، يېتىم-يېسىرلارنى، غېرىپ-مىسكىنلەرنى، ئاداۋەتلىشىپ قالغانلارنى، كېسەللەرنى يوقلاشنى ئاۋۋال قىلىمىز.

جانابى ئاللاھ سەۋەنلىكلىرىمىزنى ئەپۇ قىلغۇەتكەي، بارلىق مۇسۇلمانلارنى ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغاي! بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاق، بەختلىك، ئىناق ئۆتۈشكە، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا نېسىپ قىلغاي! شۇنداقلا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە دۇرۇد-سالاملار بولغاي! ئامىن.

وأخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين

# ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

أَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ وَ نَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا مَنْ يَّهْدِهِ اللّٰهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِىَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلٰـهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ.

أَمَّا بَعْدُ:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك جامائەتلەر!

بۈگۈن بىز ئاياللارنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز. ئىسلام دىنى ئاياللار مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە نىسا سۈرىسىنىڭ بېشىدا بىزلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَاأَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمُ الَّذِى خَلَقَكُم مِّنَّ نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالًا كَثِيرًا وَنِسَاءً وَاتَّقُوا اللّٰهَ الَّذِى تَسَاءَلُونَ بِهِ وَالْأَرْحَامَ إِنَّ اللّٰهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا﴾

**﴿ ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنسان (ئادەم ئەلەيھىسسالام) دىن ياراتقان، شۇ ئىنساندىن ئۇنىڭ جۈپتى (يەنى ھەۋۋا) نى ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار. بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامىنى شېپى كەلتۈرىدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر ﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 1 ـ ئايەت)**

بارچە كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان قۇدرەتلىك ئاللاھ، ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋانى ئادەم ئاتىنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ياراتتى ۋە ئۇنى ئادەم ئاتىغا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇشقا بۇيرۇپ، ئۇنى ئىنسانىيەت نەسلىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئاساسلىق

ۋاستىسى قىلىپ بېكىتتى. بىر ئايالنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئانىسى بولۇش شەرىپىگە نائىل بولۇشى ئايال‌لارنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلى ئەلۋەتتە.

ئادالەت ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىسلام دىنى ئايال‌لارنى خورلۇق ۋە زۇلۇمنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ھېچقانداق دىن ۋە قانۇن ئايال‌لارغا بەرمىگەن ئىززەت ـ ھۆرمەت، ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك ئاتا قىلدى. ئىسلام دىنى تۇنجى بولۇپ ئايال‌لارنىڭ يارىلىش ۋە ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىشتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولغان ھوقۇق ۋە نېسىۋىدىن تەڭ بەھرىمان بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. «قۇرئان كەرىم» دىكى ئال ئىمران، نىسا، مەريەم، نۇر، مۇجادەلە، مۇمتەھىنە، تەلاق ۋە تەھرىم قاتارلىق سەككىز سۈرىدىكى نەچچە يۈز ئايەتتە ئايال‌لارغا ئائىت مەسىلىلەرنىڭ بايان قىلىنىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئايال‌لار مەسىلىسىگە بولغان يۈكسەك ئېتىبارى ۋە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشىدۇر.

ئىسلام دىنى نۇقتىئىنەزىرىدىكى ئايال بولسا ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالا ئىنساننى ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىغان ئۇلۇغ ئانىدۇر. «قۇرئان كەرىم» دە ئانىنىڭ بالىغا قورساق كۆتۈرۈش، تۇغۇش، ئېمىتىش، بېقىش، تەربىيەلەش جەريانىدىكى جاپالىق ئەجرى ئىخچام ئىبارىلەر بىلەن مۇنداق بايان قىلىنغان:

﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَىٰ وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ﴾

**﴿ ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. چۈنكى، ئانىسى ئۇنىڭغا قاتمۇقات ئاجىزلاپ يۈرۈپ قورساق كۆتۈردى، ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جايىڭلار مېنىڭ دەرگاھىمدۇر﴾ (31 ـ سۈرە / لۇقمان 14 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَىٰ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ مَنْ أَحَقُّ النَّاسِ بِحُسْنِ صَحَابَتِي؟ قَالَ: «أُمُّكَ». قَالَ: ثُمَّ مَنْ؟ قَالَ: «ثُمَّ أُمُّكَ». قَالَ: ثُمَّ مَنْ؟ قَالَ: «ثُمَّ

أُمُّكَ». قَالَ: ثُمَّ مَنْ؟ قَالَ: «ثُمَّ أَبُوكَ».] (متفق عليه)

”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟ دەپ سورىغىنىدا، رەسۇلۇللاھ <ئاناڭ> دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم يەنە: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىغىنىدا، رەسۇلۇللاھ يەنە <ئاناڭ> دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم يەنە: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىغىنىدا، رەسۇلۇللاھ: <ئاناڭ> دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم يەنە: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىغىنىدا، رەسۇلۇللاھ ئاندىن قالسا <ئاتاڭ> .دەپ جاۋاب بەرگەن .“ (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

[عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ جَاهِمَةَ السُّلَمِيِّ أَنَّهُ جَاءَ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ أَرَدْتُ أَنْ أَغْزُوَ وَقَدْ جِئْتُ أَسْتَشِيرُكَ. فَقَالَ: «هَلْ لَكَ مِنْ أُمٍّ؟» قَالَ: نَعَمْ. قَالَ: « فَالْزَمْهَا فَإِنَّ الْجَنَّةَ تَحْتَ رِجْلَيْهَا».] (رَوَاهُ النَّسَائِيُّ)

”مۇئاۋىيە ئىبنى جاھىمەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئۇرۇشقا بېرىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۆزلىرىدىن مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن كەلدىم. دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سېنىڭ ئاناڭ بارمۇ؟دەپ سورىدى. ئۇ: ھەئە. دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەن ئاناڭنىڭ خىزمىتىدە بولغىن. جەننەت ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئىككى قەدىمى ئاستىدا. دېدى.“ (نەسەئىي رىۋايەت قىلغان)

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئانىنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئىنساننى ئەڭ ئالىي مەرتىۋە ۋە كاتتا مۇكاپات بولغان جەننەتكە باشلايدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئانىغا بولغان ئىززەت ھۆرمەتنىڭ يۇكسەك دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئانىغا بولغان ئېھتىرامى پەقەت نەسەب جەھەتتە ئۆزىنى تۇغقان ئانىلا ئەمەس، يەنە ئاق سۈتى بىلەن بوۋاقىقا ھاياتلىق بېرىۋاتقان ئىنىكئانىنىمۇ ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «قۇرئان كەرىم» تەلىملىرىنى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا ئايلاندۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى كىچىكىدە ئېمىتكەن ئىنىكئانىسى ـ سەئىدىيە قەبىلىسىدىن بولغان ھەلىمەنى ناھايىتى ھۆرمەت

قىلاتتى. ھەلىمە كەلسە ھۆرمەتلەپ ئورنىدىن تۇراتتى ۋە تونىنى يەرگە سېلىنجا قىلىپ سېلىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلاتتى.

ئىسلام دىنى نۇقتىئىنەزىرىدىكى ئايال خۇددى كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك ئەرگە يېپىشىپ ياشايدىغان، ئاللاھ تائالا قەدىرلەشكە، قوغداشقا، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرىغان ئايالدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» مۇنداق دەيدۇ:

﴿هُنَّ لِبَاسٌ لَّكُمْ وَأَنتُمْ لِبَاسٌ لَّهُنَّ﴾

**﴿ئۇلار سىلەر ئۇچۇن كىيىمدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمدۇرسىلەر (يەنى سىلەر ئۆزئارا ئارىلىشىپ، كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىپ ياشايسىلەر)﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 187 ـ ئايەت)**

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو أَنّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: الدُّنْيَا مَتَاعٌ وَخَيْرُ مَتَاعِ الدُّنْيَا الْمَرْأَةُ الصّالِحَةُ.] (رَوَاهُ مُسْلِم)

**”ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: دۇنيادا ئىنسان لەززەتلىنىدىغان نۇرغۇن نېئمەتلەر بار، ئەنە شۇ نېئمەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى سالىھە ئايالدۇر.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ئىسلام شەرىئەت ئەھكاملىرىدا ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ئۈستىدىكى ھەققى، ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى، بەھرىمان بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىگە ئوخشاش چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ كىچىك ئىشلارنىڭمۇ ھۆكۈملىرى تەپسىلىي ئىنچىكە بايان قىلىنغان.

ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئايال ــــ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغاندەك بېقىپ تەربىيەلىگەنىنىڭ، ياخشى ئوقۇتقانىنىڭ ئەجرى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئايالدۇر.

[عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ كَانَ لَهُ ثَلاثُ بَنَاتٍ، يُؤْوِيهِنَّ، وَيَكْفِيهِنَّ، وَيَرْحَمُهُنَّ، فَقَدْ وَجَبَتْ لَهُ الْجَنَّةُ الْبَتَّةَ، فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ بَعْضِ الْقَوْمِ: وَثِنْتَيْنِ، يَا رَسُولَ اللهِ؟ قَالَ: وَثِنْتَيْنِ.]

**”جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ:**

**كىمنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، ئۇلارنى ئوبدان تەربىيەلەپ ياخشى كۆيۈنۈپ، ياخشى مۇئامىلىدە بولسا، ئۇ كىشى ئەلۋەتتە جەننەتكە كىرىدۇ، دېدى. كىشىلەردىن بىرسى: ئى رەسۇلۇللاھ، ئەگەر ئىككى قىزى بولسىچۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئوخشاشلا جەننەتكە كىرىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى.» (ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر دائىم مۇسۇلمانلارغا مۇنداق تەلىم بېرەتتى.

[اِسْتَوْصُوا بِالنِّسَاءِ خَيْرًا فَإِنَّمَا هُنَّ عَوَانٌ عِنْدَكُمْ، إِنَّ لَكُمْ عَلَيْهِنَّ حَقًّا، وَلَهُنَّ عَلَيْكُمْ حَقًّا] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**«ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدىكى تەۋسىيەمنى قوبۇل قىلىڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ ياردەمچىڭلار. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە سىلەرنىڭ ھەققىڭلار بار. ئۇلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ھەققى باردۇر.» (ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

[أَكْمَلُ الْمُؤْمِنِينَ إِيمَانًا وَأَقْرَبُهُمْ مِنِّى مَجْلِسًا أَلْطَفُهُمْ بِأَهْلِهِ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**«مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى كامىل بولغىنى ۋە ماڭا سورۇن جەھەتتە ئەڭ يېقىن بولغىنى ئائىلىسىگە كۆيۈمچان بولغىنىدۇر.» (ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

ئاياللارنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداش ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار توغرىسىدىكى پۈتكۈل كۆزقاراشلىرىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئايال — ئاللاھ ياراتقان ئاياللىق تەبىئىتىگە خاس مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشقۇچى، جەمئىيەتنى تۈزگۈچى ۋە ئىسلاھ قىلغۇچى جەمئىيەت ئەزاسىدۇر.

تۆۋەندە ئىسلام دىنىدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، نىكاھ ۋە تەلىم-تەربىيە نۇقتىلىرىدىن كۆرۈپ باقايلى:

**1. ئەر-ئايالنىڭ ئىنسانىي قىممەتتە تەڭ، باراۋەر ئىكەنلىكى ھەققىدە:**

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَىٰ وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾

**﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئەر،**

**بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾ (49 ـ سۈرە / ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ اَلنِّسَاءُ شَقَائِقُ الرِّجَالِ ] (رَوَاهُ أَحْمَدُ)

**"ئاياللار ئەرلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر." (يەنى شەرىئەت تەكلىپاتلىرىدا ئەرلەرگە ئوخشاش مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرى باردۇر.) (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)**

ھىجرىيەنىڭ 10 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرافاتتا سۆزلىگەن ۋىدالىشىش نۇتقىدا مۇنداق دېگەن:

[ أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّ رَبَّكُمْ وَاحِدٌ وَإِنَّ أَبَاكُمْ وَاحِدٌ كُلُّكُمْ لِآدَمٍ وَآدَمُ مِنْ تُرَابٍ، إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللهِ أَتْقَاكُمْ، وَلَيْسَ لِعَرَبِيٍّ عَلَى أَعَجَمِيٍّ فَضْلٌ إِلاَّ بِالتَّقْوَى]

**(ئى خالايىق! سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر، ھەممىڭلار ئادەم ئاتىدىن بولغان، ئادەم ئاتا تۇپراقتىن يارىتىلغان. ئەرەب غەيرى ئەرەبتىن ئەۋزەل ئەمەس، كىم ئەڭ تەقۋادار بولسا شۇ ئادەم ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر.)**

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوخشاش نەرسىدىن يارىتىلغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ تەڭ باراۋەرلىكى، ئۇلارنىڭ پەقەت ياخشى ئەمەل بىلەنلا بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولىدىغانلىقى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ پەرقىنىڭ جىنس جەھەتتىكى پەرق بولۇپ، ئىنسانىي قىممەت قاراشتا باراۋەر ئىكەنلىكىنى روشەن بايان قىلىدۇ.

**2. ئاياللارنىڭ ئىنسانىيەتتە ئورتاق ياشاشتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقى توغرىسىدا:**

﴿وَلَا تَقْتُلُوْا أَوْلَادَكُمْ خَشْيَةَ إِمْلَاقٍ نَّحْنُ نَرْزُقُهُمْ وَإِيَّاكُمْ إِنَّ قَتْلَهُمْ كَانَ خِطْئًا كَبِيرًا﴾

**﴿كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر﴾ (17 ـ سۈرە / ئىسرا 31 ـ ئايەت)**

﴿وَإِذَا الْمَوْءُودَةُ سُئِلَتْ بِأَيِّ ذَنبٍ قُتِلَتْ﴾

**﴿تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز بوۋاقتىن: سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدىڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا﴾ (81 ـ سۈرە / تەكۋىر 8 ـ ،9 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[سَوُّوا بَيْنَ أَوْلادِكُمْ فِي الْعَطِيَّةِ فَإِنِّي لَوْ كُنْتُ مُؤْثِرًا أَحَدًا عَلَى أَحَدٍ لآثَرْتُ النِّسَاءَ عَلَى الرِّجَالِ]

**”بالىلىرىڭلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىڭلار، بىرىگە نېمە بەرسەڭلار قالغىنىغىمۇ شۇنى بېرىڭلار. ئەگەر مەن بالىلىرىمنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق كۆرگەن بولسام، قىزلارنى ئەتىۋارلىغان بولاتتىم.“**

ئىسلام دىنى نامراتلىق ياكى نومۇسقا قېلىشتىن قورقۇپ، تۇغۇلغان قىز بوۋاقلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتەك قەبىھ قىلمىشلارنى قاتتىق چەكلەپ، ئاياللارنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى قوغدىدى. بولۇپمۇ قىزنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى، دادا بولغۇچىنىڭ قىزنىمۇ خۇددى ئوغلىغا ئوخشاش بېقىش، تەربىيەلەش، ھىمايە قىلىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى بايان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانىلارغا قىز ـ ئوغۇل دەپ ئايرىماستىن، ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇش لازىملىقى، بەزىسىنى ئارتۇق كۆرۈپ قىلىنغان پەرقلىق مۇئامىلىنىڭ قالغان پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى يوقىتىپ، دىللىرىغا ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چېچىپ، يولدىن چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

**3. ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتتە باراۋەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا:**

ئاللاھ بۇيرۇغانىنى قىلىش، چەكلىگەنىدىن ساقلىنىشقا تەكلىپ قىلىنغۇچى، ئەمەللەرگە يارىشا بېرىلىدىغان ساۋاب ۋە جازادا، ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتتە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوخشاشتۇر. «قۇرئان كەرىم» ئەر بىلەن ئاياللارغا قىلىنغان ئورتاق خىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم» دىكى « يَا أَيُّهَا النَّاسُ، يَا أَيُّهَا الَّذِينَ أَمَنُوا» دېگەن خىتابنىڭ ئەر ـ ئاياللارنى ئورتاق ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئوچۇق ھەقىقەتتۇر. بۇنىڭ مىسالى: مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر

ئەلەيھىســـــالامنىــڭ ”ئى ئادەملەر!“ دەپ ندا قىلغان خۇتبە چاقىرىقىنى ئاڭلىغاندا، قولىدىكى ئىشــنى دەرھال تاشــلاپ قويۇپ چىققان. بەزىلەر ئۇنىڭ مۇنداق تېز ھەرىكىتىدىن ئەجەبلىنىپ ســەۋەبىنى ســورىغاندا ”مەنمۇ شــۇ چاقىرىلغان ئادەملەرنىڭ بىرىمەن“ دېگەن.

ئىســلام شــەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى پەرز، ۋاجىب، ســۈننەت، مۇســتەھەپ، مۇباھ، ھالال، ھارام، ئىجتىمائى ئەخلاق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى (ئاياللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىــك ۋە پىســخولوگىيىلىــك ئالاھىــدىلىكلىرىنى، ئۇلارنىــڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ئايرىم ئەھكاملاردىن باشقا) جىنس ئايرىماستىن، ئەر ۋە ئايالنى ئورتاق ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَيُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَيُطِيعُونَ اللَّـهَ وَرَسُولَهُ أُولَـٰئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ اللَّـهُ إِنَّ اللَّـهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾

**﴿مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ. ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾ (9 ـ سۈرە / تەۋبە 71 ـ ئايەت)**

﴿ أَنِّي لَا أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِّنكُم مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ بَعْضُكُم مِّن بَعْضٍ﴾

**﴿مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىــڭ قىلغــان ئەمەلىنى بىكــار قىلىۋەتمەيمەن. ســـــىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 195 ـ ئايەت)**

ئىســلام دىنىدىكى ئۆلۈم چۈشەنچىسى ئۆزىنىڭ مەنتىقىلىقى، تاكامۇللۇقى بىلەن ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. ھالبۇكى ئۆلۈمدەك سالمىقى ئېغىر بۇ تېمىغا بىر ئايالنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ باقايلى!

بۇ دانىشمەن ئايال ـــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خادىمى ئەنەس ئىبنى

مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى رۇمەيسا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەنسارلاردىن بولغان ئەبۇ تەلھەگە قايتا ياتلىق بولغان ئىدى، بىر كۈنى ئەبۇ تەلھەنىڭ كىچىك ئوغلى ئاغرىپ ياتقىنىدا، ئەبۇ تەلھە سەپەرگە چىقىپ كېتىدۇ. ئوغلىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ دادىسى قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ. رۇمەيسا ئۆيىدىكىلەرگە ئەبۇ تەلھەگە بۇ خەۋەرنى ئۆزى ئېيتىدىغانلىقىنى ھەممىسىنىڭ سۈكۈت قىلىشىنى تاپىلايدۇ. رۇمەيسا ئەبۇ تەلھە قايتىپ كەلگەندە ئۇنى چىرايلىق كۈتۈۋالىدۇ، ئالدىغا تاماق كەلتۈرىدۇ. ئەبۇ تەلھە ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا، رۇمەيسا: "ئۇ ئەڭ تىنچ ۋە ئەڭ ياخشى ھالەتتە"، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەبۇ تەلھە بۇنى ئوغلۇم ھازىر ياخشىلىنىپ قاپتۇ، دەپ چۈشىنىدۇ، ئۇ كېچە ئىككىسى بىللە بولىدۇ. ئەتىسى رۇمەيسا ئېرىگە مۇنداق دەيدۇ: "بىر ئادەم مەلۇم بىر قەبىلىدىكى ئادەملەرگە مەلۇم ۋاقىت مېلىنى ئىشلىتىپ تۇرۇشقا ئامانەت قويۇپتىكەن، ئۇلار مالنى ئىشلىتىپ بەھرىمەن بوپتۇ، مۆھلەت توشقاندا مال ئىگىسى مالنى قايتۇرۇشنى سوراپتۇ، ئۇلار قايتۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ." ئەبۇ تەلھە: "دۇنيادا شۇنداقمۇ يولسىزلىق بارمىكەن. ئارىيەت ئالغان، ئامانەت قويغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش ئەقەللىي قائىدە تۇرسا"، دەپتۇ. رۇمەيسا: "ئوغلىمىزمۇ ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن ئامانىتى ئىدى. جان ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئامانەتنى ئالدى"، دەپتۇ. بۇ شۇم خەۋەردىن ئەبۇ تەلھە قاتتىق قايغۇرۇپتۇ ۋە "ئىنسان دېگەن شۇنداق، بىرەر مۇسىبەت يەتكەندە سەن ئېيتقان ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئاللا ـ توۋا كۆتۈرىدۇ. سېنىڭ سۆزۈڭ ماڭا سەبىر ئاتا قىلدى. شۇڭا مەن: ﴿ إِنَّا لِلَّـــهِ وَإِنَّا إِلَيْـهِ رَاجِعُونَ﴾ **﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىدۇرمىز، بىز چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 156 ـ ئايەت)** دەيمەن." دەپتۇ. ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇمەيسانىڭ ئاقىلانىلىكىدىن، ئەبۇ تەلھەنىڭ سەبىر قىلغانلىقىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ شۇ كېچىسىگە بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپتۇ. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن رۇمەيسا ھامىلدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدۇ. ئىسمىنى ئابدۇللاھ قويدۇ. ئابدۇللاھ تەقۋادارلىقى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن زور شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ، ئون ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدۇ.

**4. دىنىمىزدا ئاياللارغا بېرىلگەن قوغداش ۋە قوغدىلىش ھوقۇقى ھەم ھۆرمەتلىنىش ھوقۇقى توغرىسىدا:**

كىشىلىك ھاياتتىكى چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ كىچىك ئىشلارنىمۇ چەتتە قالدۇرمىغان ئىسلام شەرىئىتىمىزدە ئاياللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى، نام-شەرىپى مۇتلەق دەخلىسىز بولۇپ، ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاش، تۆھمەت قىلىشلارغا ئاللاھ قاتتىق ئازابنى ۋەدە قىلغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەتكە دۇچار بولىدىغان گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دەپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ يَرْمُونَ الْمُحْصَنَاتِ الْغَافِلَاتِ الْمُؤْمِنَاتِ لُعِنُوا فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾

**﴿يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ (24-سۈرە / نۇر 23-ئايەت)**

[عَنْ أَبِي هُرِيرةَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عليهِ وسلَّم قالَ: اجْتَنِبُوا السَّبْعَ المُوبِقَاتِ، قيلَ : ومَا هُنَّ يَا رَسُولَ اللهِ ؟ قالَ : الشِّرْكُ باللهِ وَالسِّحْرُ وقَتْلُ النَّفْسِ الَّتِي حَرَّمَ اللهُ إِلاّ بِالْحَقِّ وَأَكْلُ مَالِ اليَتِيمِ وَالتَّوَلِّي يَوْمَ الزَّحْفِ وَأَكْلُ الرِّبَا وَقَذْفُ المُحْصَنَاتِ المُؤْمِنَاتِ الغَافِلاتِ .] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھالاكەتكە تاشلايدىغان يەتتە خىل گۇناھتىن ساقلىنىڭلار! دېگىنىدە، كىشىلەر: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇ گۇناھلار قايسى؟ دەپ سورىغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانىخورلۇق قىلىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، جەڭ مەيدانىدىن قېچىش، پاك ئايالغا بوھتان چاپلاش."**

[عَنْ حُذَيْفَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: إنَّ قذفَ المُحْصَنَةِ يَهْدِمُ عَمَلَ مِئَةِ سَنَةٍ.] (رَوَاهُ الطَّبْرَانِيُّ)

**”هۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: پاك ـ ئىپپەتلىك ئايالغا قارا چاپلاش يۈز يىللىق ئەمەلنى بىكار قىلىدۇ.“ (ئىمام تەبرانىي رىۋايەت قىلغان)**

**5. ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش تەلىم ـ تەربىيە ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا:**

ئىسلام دىنى ئىلىم ـ پەنگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىكى ئىلىمنىڭ پەزىلىتى، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى، ئالىملارنىڭ ئالاھىدە ئورنى ھەققىدىكى بايانلار ئەر ۋە ئاياللار ئۈچۈن ئومۇمىي بولۇپ، ئەرگە ياكى ئايالغا خاس دەيدىغان ئايرىمچىلىق يوق. «قۇرئان كەرىم» دىكى تۇنجى نازىل قىلىنغان ئىلىم ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان ئايەتلەر بۇنىڭ دەلىلى:

﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ خَلَقَ الْإِنسَانَ مِنْ عَلَقٍ اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ عَلَّمَ الْإِنسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. سەن ئوقۇغىن. پەرۋەردىگارىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر﴾ (96 ـ سۈرە / ئەلەق 1~5 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿شَهِدَ اللَّهُ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ وَالْمَلَائِكَةُ وَأُولُوا الْعِلْمِ قَائِمًا بِالْقِسْطِ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

**﴿ئاللاھ ئادىللىقنى يۈرگۈزگەن ھالدا ئۆزىدىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەقنىڭ يوقلۇقىنى بايان قىلدى. پەرىشتىلەر ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەقنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بەردى. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 18 ـ ئايەت)**

﴿قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُوا الْأَلْبَابِ﴾

**﴿ ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ بۇنى پەقەت ئەقىل**

**ئىگىلىرىلا تونۇپ يېتەلەيدۇ»﴾ (39 ـ سۈرە / زۇمەر 9 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[طَلَبُ الْعِلْمِ فَرِيضَةٌ عَلَى كُلِّ مُسْلِمٍ] (رَوَاهُ اِبْنُ مَاجَه)

**"ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر."**

بۇ ھەدىستىكى "مۇسۇلمان" دېگەن ئىبارە ئەر ـ ئاياللىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: الْكَلِمَةُ الْحِكْمَةُ ضَالَّةُ الْمُؤْمِنِ فَحَيْثُ وَجَدَهَا فَهُوَ أَحَقُّ بِهَا. ]

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ھېكمەتلىك سۆز مۆمىنىنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر. ئۇنى قەيەردە تاپسا ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر."**

﴿يَرْفَعِ اللَّـهُ الَّذِينَ ءَامَنُوا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ وَاللَّـهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾

**﴿ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾ (58 ـ سۈرە / مۇجادىلە 11 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئىلىمنىڭ ئىنسانىيەتكە قانچىلىك مۇھىملىقىنى، ئىلىم يالغۇز ئىمتىياز ئىگىلىرىگىلا مەنسۇپ بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدىغان ھەرقانداق كىشىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئىسلام دىنى ئەرلەرنىمۇ ۋە ئاياللارنىمۇ ئىلىم مەرىپەت ئۆگىنىشكە ئوخشاش بۇيرۇغانلىقىنى، ئىلىمنىڭ دىني بىلىم ياكى شەخسكە، مىللەتكە، جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئىلىم تەھسىل قىلىشنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ، شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ مۇھىم بەلگىسى قىلىپ بېكىتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا ئاياللارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە، تەلىم ـ تەربىيە بىلەن ئۆز تالانت ـ ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. ئاياللارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەمرۇ ـ مەئرۇف ئاڭلاشقا ھېرىس ئىدى.

بۇ ھەقتە «سەھىھۇل بۇخارى» دا مۇنداق بىر ھەدىس بايان قىلىنغان:

[عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَتِ النِّسَاءُ لِلنَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: غَلَبَنَا عَلَيْكَ الرِّجَالُ فَاجْعَلْ لَنَا يَوْمًا مِنْ نَفْسِكَ فَوَعَدَهُنَّ يَوْمًا لَقِيَهُنَّ فِيهِ فَوَعَظَهُنَّ وَأَمَرَهُنَّ.]

**”ئەبۇ سەئىد خۇدەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئەرلەر سىلىنىڭ سۆھبەتلىرىدە بولۇپ بىزدىن ئېشىپ كەتتى، بىزگىمۇ ئايرىم ۋاقىت بېكىتىپ بەرگەن بولساڭلا دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇچرىشىدىغان ۋاقىتنى بەلگىلەپ، ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى.“**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئاياللىرى ئىچىدىن قۇرئاننى يادقا ئالغان، كۆپ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان، شېئىر، نەسىر، تارىخلارنى يازىدىغان ئاياللار كۆپ ئىدى. مەشھۇر ساھابىلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاسىتە سوراپ ئۆگىنەلمىگەن ئائىلە بىلىملىرىنى، ئاياللارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە قائىدىلىرىنى، ئاياللارغا مەخسۇس بولغا بەزى مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن سوراپ ئۆگەنگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 2210 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇ ئۆزى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ھۆكۈملەرنى چىقىرىدىغان ئالىم ئىدى. ئۆزىدىن ياشتا چوڭ بولغان كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋابلارنى بېرىپ، ئۇلارنى دىنىي مەسىلىلەردىن خەۋەردار قىلاتتى. مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى بولغان ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يېزىش ـ ئوقۇشتا ماھىر بولغاندىن سىرت، ئۇستا خەتتات ئىدى. كۆپلىگەن ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرنى ۋە نۇرغۇن ھەدىسلەرنى شۇ ئاياللاردىن ئاڭلاپ ئۆگەنگەن. تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە 700 دىن ئارتۇق ئايال ساھابە (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان.

## 6. ئاياللارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى توغرىسىدا:

نىكاھ ــ ئىنسانلارنىڭ نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى زۆرۈرىيەت. ئىسلام دىنىدىكى نىكاھ تۈزۈمىدە ئاياللارنىڭ لايىق تاللاش ھوقۇقى ۋە تويدىن كېيىنكى ھوقۇقلىرى ئوچۇق بەلگىلىنىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرى ئوچۇق قوغدالغان

بولۇپلا قالماي، ئاجراشقان ياكى يولدىشى ۋاپات بولغان تۇل خوتۇنلارنىڭ ھوقۇقلىرىمۇ ئېنىق بەلگىلەنگەن ۋە قوغدالغان. ئىسلام دىنىمىز ئايال كىشىنىڭ ئىختىيارى ۋە رازىلىقىنى نىكاھنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغان. بايلىق، مەنسەپ، ھوقۇق، شان ـ شۆھرەت قوغلىشىپ قىز ـ ئاياللارنى خالىغان كىشىگە ياتلىق قىلىشتەك ناچار قىلمىشلارنى ئىسلام دىنىمىز قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ۋە چەكلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُوا لَا يَحِلُّ لَكُمْ أَن تَرِثُوا النِّسَاءَ كَرْهًا وَلَا تَعْضُلُوهُنَّ لِتَذْهَبُوا بِبَعْضِ مَا ءَاتَيْتُمُوهُنَّ إِلَّا أَن يَأْتِينَ بِفَاحِشَةٍ مُّبَيِّنَةٍ وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ فَإِنْ كَرِهْتُمُوْهُنَّ فَعَسَىٰ أَن تَكْرَهُوا شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّـهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا﴾

**﴿ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس ئورنىدا قىلىۋالماق سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنىڭ بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار؛ ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار، سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشتا ئاللاھ كۆپ ياخشىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 19 ـ ئايەت)**

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: لاَ تُنْكِحُ الْأَيِّمُ حَتَّى تُسْتَأْمِرُ وَلاَ تُنْكِحُ الْبِكْرُ حَتَّى تُسْتَأْذِنُ قَالُوا : يَا رَسُولَ اللهِ فَكَيْفَ إِذْنُهَا قَالَ : أَنْ تَسْكُتَ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاجرىشىپ كەتكەن ئاياldىن ئوچۇق ـ ئاشكارا مەسلىھەت ئالمىغۇچە ئۇنى زورلاپ نىكاھلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. قىزنى ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئالمىغۇچە ياتلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار: ئۇ قىزنىڭ ئىزنى قانداق بولىدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ : ئۇنىڭ ئىزنى ئۇنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇشىدۇر، دېدى.“ (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)**

مىھىر ـ نەپىقە ۋە مۇتئەلەر قاتارلىقلار ئىسلام دىنىمىز ئاياللارغا ئاتا

قىلغان ئىقتىسادىي ئىمتىياز ھېسابلىنىدۇ. نىكاھتىن ئىلگىرى ئەرنىڭ ئائىلىغان بولغان مۇھەببىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش، ئۇنى قەدىرلەش يۈزىسىدىن ئۆز ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا مېھىر (تويلۇق مال ـ مۈلۈك) بېرىشنى بەلگىلىدى. مېھىر ئايالنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھەققى بولۇپ، بېرىلگەن مېھىر ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن نىكاھتىن ئاجراشقاندا قايتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنْ أَرَدتُّمُ اسْتِبْدَالَ زَوْجٍ مَّكَانَ زَوْجٍ وَآتَيْتُمْ إِحْدَاهُنَّ قِنطَارًا فَلَا تَأْخُذُوا مِنْهُ شَيْئًا أَتَأْخُذُونَهُ بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا وَكَيْفَ تَأْخُذُونَهُ وَقَدْ أَفْضَىٰ بَعْضُكُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ وَأَخَذْنَ مِنكُم مِّيثَاقًا غَلِيظًا﴾

**﴿ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، قويۇۋەتمەكچى بولغان خوتۇنغا ئىلگىرى كۆپ تويلۇق بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى خوتۇنغا قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق ئۇۋال قىلىپ ئالامسىلەر؟ ئۆزئارا بىر يەردە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئۇ خوتۇن سىلەردىن (نىكاھ ئارقىلىق) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟﴾**

دىنىمىزنىڭ ئاياللارغا بەرگەن ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە مەرتىۋىسىنى پەيغەمبىرىمىز مۇنۇ ۋەسىيىتىدە ئېنىق ئىپادىلىگەن:

[فِي خُطْبَةِ الْوِدَاعِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: فَاتَّقُوا اللهَ فِي النِّسَاءِ فَإِنَّكُمْ أَخَذْتُمُوهُنَّ بِأَمَانِ اللهِ وَاسْتَحْلَلْتُمْ فُرُوجَهُنَّ بِكَلِمَةِ اللهِ وَلَكُمْ عَلَيْهِنَّ أَنْ لَا يُوطِئْنَ فُرُشَكُمْ أَحَدًا تَكْرَهُونَهُ فَإِنْ فَعَلْنَ ذَلِكَ فَاضْرِبُوهُنَّ ضَرْبًا غَيْرَ مُبَرِّحٍ وَلَهُنَّ عَلَيْكُمْ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ...]

**”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەجىدە مۇنداق دېگەن: ئاياللار توغرىسىدا ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلەر ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى قىلىپ ئالدىڭلار، ئاللاھنىڭ كەلىمىسى بىلەن ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا ھالال جۈپ قىلدىڭلار. ئاياللار ئۈستىدىكى سىلەرنىڭ ھەققىڭلار بولسا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارغا سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىنى يېقىن يولاتماسلىقىدۇر. ئاياللارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى ئۇلارغا ياخشىلىقچە رىزىق بېرىش، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرىشتۇر.“**

**7. دىنىمىزدىكى ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىش هوقۇقى توغرىسىدا:**

دىنىمىز ئاياللارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ھەققى بارلىقىنى جاكارلاپ، ئاياللارنى شەخسىي مال ـ مۈلۈككە ئىگە قىلدى. شۇنداقلا ئاياللارنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لِّلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ وَلِلنِّسَاءِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ مِمَّا قَلَّ مِنْهُ أَوْ كَثُرَ نَصِيبًا مَّفْرُوضًا﴾

**﴿ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ مىراس ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 7 ـ ئايەت)**

[عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قال: جَاءَتْ امْرَأَةُ سَعْدِ بْنِ الرَّبِيعَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِابْنَتَيْنِ لَهَا فَقَالَتْ: يَا رَسُولَ اللهِ، هَاتَانَ بِنْتَا سَعْدِ بْنِ الرَّبِيعَ قَتَلَ أَبُوهُمَا مَعَكَ يَوْمَ أُحُدٍ شَهِيدًا وَإِنَّ عَمَّهُمَا أَخَذَ مَالَهُمَا فَلَمْ يَدْعُ لَهُمَا مَالاً، وَلاَ تَنْكِحَانِ إِلاَّ وَلَهُمَا مَالٌ، قَالَ: يَقْضِي اللهُ فِي ذَلِكَ. فَأُنْزِلَتْ آيَةُ الْمَوَارِيثِ، فَبَعَثَ إِلَى عَمِّهِمَا فَقَالَ: أَعْطِ بِنْتَيْ سَعْدٍ اَلثُّلُثَيْنِ، وَأَعْطِ أُمَّهُمَا الثُّمْنَ، وَمَا بَقِيَ فَهُوَ لَكَ.]

**"جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئىد ئىبنى رەبىئەنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بۇ ئىككىسى سەئىد ئىبنى رەبىئەنىڭ قىزلىرى، سەئىد ئىبنى رەبىئە ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ تاغىسى (سەئىدنىڭ قېرىندىشى) سەئىدنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ھېچنەرسە قويۇپ قويماي ئېلىۋالدى. مال بولمىسا، بۇ ئىككىسى ياتلىق بولالمايدۇ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىدۇ ـ دېدى. ئاندىن مىراس ھۆكۈملىرىنى چۈشەندۈرىدىغان مىراس ئايىتى نازىل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ تاغىسىنىڭ قېشىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: سەن سەئىدنىڭ ئىككى قىزىغا مالنىڭ ئۈچتىن ئىككى ئۈلۈشىنى بەرگىن. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئانىسىغا مالنىڭ سەككىزدىن بىر**

**ئۇلۇشىنى بەرگىن، ئۇنىڭدىن ئىشىپ قالغىنى سىنىڭ بولسۇن. دېدى. (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)**

## 8. ئاياللارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدا:

مەجبۇرىيەتسىز ھوقۇق بولمىغىنىدەك، ئىسلام دىنىمىز ئاياللارنىڭ قانۇنىي، ئىقتىسادىي، نىكاھ، تەلىم ـ تەربىيە ھوقۇقلىرى بىلەن يانداش ھالدا ئۇلارغىمۇ تۈرلۈك مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشىنى بەلگىلىگەن. بۇ مەجبۇرىيەتلەر ئەر ـ ئاياللارغا ئورتاق بولغان دىنىي ئەھكام، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ئوخشاش ئومۇمىي مەجبۇرىيەتلەرنى ھەم يەنە ئېرىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش، بالا تۇغۇش، تەربىيەلەش، مۇناسىپ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئوخشاش ئاياللارغىلا خاس بولغان مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەجبۇرىيەتلەر ئەمەلىيەتتە ئاياللارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، نام ـ ئابرويىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ.

شۇڭا، مۇسۇلمان قىز ـ ئاياللار ئۆزىنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى توغرا تونۇشى، ئۆزلىرىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ، ئىسلام مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جەمئىيىتىمىزگە سىڭىپ كىرىۋاتقان ناچار ئىدىيە، ئەخلاقلارغا قارشى تۇرۇشى، ئىسلامىي ئاڭ ـ ئېتىقادقا ئىگە ھەم ئالىي مەلۇماتلىق، مەدەنىيەتلىك، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشالايدىغان، ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق ئېتەلەيدىغان، ھەم شەرىئەتكە ھەم قانۇن ـ تۈزۈملەرگە رىئايەت قىلىدىغان يارامىلىق پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەپ چىقىشتىن ئىبارەت ئۆزىنى ئۇلۇغۋار بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىشى لازىم.

﴿رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا﴾

**﴿ئى رەببىمىز! بىزگە خوتۇنلىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن﴾ (25 ـ سۈرە / فۇرقان 74 ـ ئايەت)**

# ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، جاسارەتلىك ـ يارامىلىق مۇسۇلمان ياشلاردىن بولايلى!

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الرَّحِيمِ الْغَفُورِ، اَلْحَمِيدِ الشَّكُورِ، وَأُشْهَدُ أَنْ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ شَهَادَةً تَتَضَاعَفُ بِهَا الأُجُورُ، وَتَحْصُلُ بِهَا النَّجَاةُ يَوْمَ الْبَعْثِ وَالنُّشُورِ، وَأَشْهَدُ أَنَّ نَبِيَّنَا وَسَيِّدَنَا مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، أَسْفَرَ فَجْرُهُ الصَّادِقُ فَمَحَا ظُلُماتِ أَهْلِ الزَّيْغِ وَالشُّرُورِ وَالفُسُوقِ وَالسُّوءِ وَالفُجُورِ، صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ ذَوِي الذِّكْرِ الْمَنْشُورِ وَالْفَضْلِ الْمَشْهُورِ صَلاَةً وَسَلاَمًا دَائِمَيْنِ مُمْتَدَّيْنِ مَمَرَّ اللَّيَالِي وَالدُّهُورِ.

أَمَّا بَعْدُ:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك جامائەتلەر!

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الْإِنسَانُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَى رَبِّكَ كَدْحًا فَمُلَاقِيهِ﴾

**﴿ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىغا بارغىنىڭغا قەدەر ناھايىتى جاپالىق ئىشلارنى قىلىسەن، ئاندىن ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن﴾ (84 ـ سۈرە / ئىنشىقاق 6 ـ ئايەت)**

[عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنْ قَامَتِ السَّاعَةُ وَفِي يَدِ أَحَدِكُمْ فَسِيلَةٌ فَإِنِ اسْتَطَاعَ أَلاَّ تَقُومَ حَتَّى يَغْرِسَهَا فَلْيَغْرِسْهَا] (رَوَاهُ اَحْمَدُ)

**"ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قىيامەت كەلگەندە، سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ قولىدا كۆچەت بولۇپ، ئۇنى تىككۈدەكلا ۋاقتى بولىدىكەن، ئۇ شۇ كۆچەتنى تىكىۋەتسۇن» (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)**

[ عَنْ عَمَّارَةِ بْنِ خُزَيْمَةِ بْنِ ثَابِتٍ قَالَ سَمِعْتُ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ يَقُولُ لِأَبِي مَا يَمْنَعُكَ أَنْ تَغْرِسَ

أَرْضَكَ؟ فَقَالَ لَهُ أَبِي أَنَا شَيْخٌ كَبِيرٌ أَمُوتُ غَدًا فَقَالَ لَهُ عُمَرُ أَعْزِمُ عَلَيْكَ لِتَغْرِسَنَّهَا فَلَقَدْ رَأَيْتُ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ يَغْرِسُهَا بِيَدِهِ مَعَ أَبِي ] (رَوَاهُ الطَّبَرَانِيُّ)

**"ئەممار ئىبنى خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادامغا، سەن نېمىشقا بۇ يېرىڭگە كۆچەت تىكمەيسەن؟ دېگەنلىكىنى، ئاندىن دادامنىڭ: مەن ياشىنىپ قالغان ئادەم، ئەتىلا ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن. دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! بۇ كۆچەتنى چوقۇم تىكىسەن» دېدى. مەن شۇ چاغدا ئۆمەرنىڭ ئۆزى بىۋاستە دادام بىلەن ئاشۇ يەرگە كۆچەت تىككەنلىكىنى كۆرگەنىدىم." (تەبەرانى رىۋايەت قىلغان)**

[ عَنْ أَبِي الدَّرْدَاءِ أَنَّ رَجُلاً مَرَّ بِهِ وَهُوَ يَغْرِسُ غَرْسًا بِدَمَشْقٍ فَقَالَ لَهُ أَتَفْعَلُ هَذَا وَأَنْتَ صَاحِبُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: لاَ تَعْجَلْ عَلَيَّ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: مَنْ غَرَسَ غَرْسًا لَمْ يَأْكُلْ مِنْهُ آدَمِيٌّ وَلاَ خَلْقٌ مِنْ خَلْقِ اللهِ إِلاَّ كَانَ لَهُ بِهِ صَدَقَةٌ ] (رَوَاهُ اَحْمَدُ)

**"ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەمەشقتىكى چاغلىرىدا، كۆچەت تىكىش بىلەن مەشغۇل بولغانىدى، بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: سەن دېگەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى تۇرۇپ مۇشۇ ئىشنى قىلامسەن؟ دېدى، ئۇ: سەن ماڭ ئالدىراپ كەتمە! مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: كىمكى بىر تۈپ كۆچەت تىكىدىكەن، ئۇنى قانداقلىكى ئىنسان ياكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بىرى كېلىپ يېسە، ئۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دەپ جاۋاب بەردى." (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)**

### 1. نىيەتنى رۇسلاپ، مۇستەھكەم ئىرادە تىكلەش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَاتِ وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ مَا نَوَى ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**"رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق، ھەركىم ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ." (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)**

«نىيەت» ئەرەب تىلىدىكى «نِيَّةٌ» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، بىز ئادەتتە «نىيەت قىلىش» دەپ ئاتايمىز. كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كەلگۈسىگە ۋە ھاياتقا قارىتا ئۇزاق مۇساپىلىك نىشان تىكلەش دېگەنلىكتۇر. نەچچە ئون مىڭلىغان ھەدىسلەر ئىچىدە، ھەدىس ئالىملىرى مۇشۇ ھەدىسىنى ئۆزىنىڭ ھەدىس توپلاملىرىنىڭ باش قىسمىغا كەلتۈرگەن. بۇ ھەدىسنى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارغا يادا بولۇپ كەتكەن. دىني ئىبادەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا «نىيەت» ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ يېرىمى، ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ھەرقانداق بىر ئەمەلنىڭ ئىبادەت ھېسابلىنىش ياكى ھېسابلانماسلىقى نىيەتكە باغلىق بولىدۇ. مەسىلەن: يۇيۇنۇشنى مىسال ئېلىپ ئېيتساق، نىيەت قىلىنغان بولسا «غۇسلى» قىلغانلىق بولىدۇ، نىيەت قىلىنمىغان بولسا سۇغا چۈشۈشتىن باشقا ئىش ئەمەس؛ كېچىسى مەسچىتتە قونۇش، نىيەت قىلىنغان بولسا «ئېتىكاپ قىلغانلىق» بولىدۇ. ئەگەر نىيەت قىلىنمىغان بولسا مەسچىتتە ئۇخلىغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىيەت ئىبادەتنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ پەرز ئىبادەت ياكى نەپلە ئىبادەت ئىكەنلىكى پۈتۈنلەي نىيەت بىلەن ئايرىلىدۇ. پەرزگە نىيەت قىلغان بولسا پەرز، نەپلىگە نىيەت قىلغان بولسا نەپلە ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنىمىزنىڭ شەرئى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، نىيەت بىر ئادەمنىڭ ۋىجدانى بىلەن ئىمانىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مۆمىن مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تۇرمۇشتىكى ھەربىر ئىشلاردا نىيەتنى رۇس قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىمىز لازىم، نىيەتنى بۇزىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز لازىم. ئەگەر نىيىتىمىز دۇرۇس بولمىسا ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرايمىز. شۇڭا كىشىلەر دائىم ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنى «ياخشى ئادەم»، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنى «ئەسكى ياكى بۇزۇق ئادەم» دەپ ئاتايدۇ.

**2. تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئىلىمغا ھۆرمەت قىلىش**

ئاللاھ تائالا ئادەم ئاتىمىزنى ياراتقان دەسلەپكى مەزگىلدە، بىرىنچى قىلىپ ئادەم ئاتىمىزغا ھەرخىل ئىلىملەرنى بىلدۈرگەن، شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغىتىپ، ئىلىمنىڭ ئىنساندا چوقۇم ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك شەرتلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. «قۇرئان كەرىم» دە ئىنسانلارنى ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان ئايەتلەر نۇرغۇن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن تۇنجى ۋەھيمۇ ئىلىم تەلەپ قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىم ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىشنى ئىماننىڭ يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگەن، ھەم ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەمەللەرنىڭ قاتارىغا قويغان. ئاللاھ تائالا ئىلىم ئارقىلىق ئىنساننىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَعَلَّمَ آدَمَ الأَسْمَاءَ كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمْ عَلَى الْمَلاَئِكَةِ فَقَالَ أَنبِئُونِي بِأَسْمَاءِ هَـؤُلاَءِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾

**﴿ئاللاھ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە بىلدۈردى، ئاندىن ئۇ شەيئىلەرنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «دېگەنلىرىڭلار راست بولسا بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار» دېدى﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 31 ـ ئايەت)**

﴿قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُوا الْأَلْبَابِ﴾

**﴿ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ بۇنى پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا تونۇپ يېتەلەيدۇ»﴾ (39 ـ سۈرە / زۇمەر 9 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ سَلَكَ طَرِيقًا يَلْتَمِسُ فِيهِ عِلْمًا سَهَّلَ اللهُ لَهُ طَرِيقًا إِلَى الْجَنَّةِ ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**"كىمكى ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا ماڭىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ." (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ئىسلام دىنىمىز ئىلىم ئۈستىگە قۇرۇلغان دىن، ئەينى چاغدا پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمە ئەتراپىدىكى ھىرا غارىدا ئاللاھتىن كىشىلەرنى ھىدايەت يولىغا باشلاش توغرىسىدىكى تۇنجى ۋەھىينى قوبۇل قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِى خَلَقَ خَلَقَ الْإِنسَانَ مِنْ عَلَقٍ اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ عَلَّمَ الْإِنسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. سەن ئوقۇغىن. پەرۋەردىگارىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر﴾ (96 ـ سۈرە / ئەلەق 1~5 ـ ئايەت)**

مەزكۇر ئايەتى كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن تۇنجى ۋەھيى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دىكى ئەڭ ئاۋۋال نازىل بولغان ئايەتلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەرەب تىلىدىكى قەلەم، ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ئىلىم قاتارلىق سۆزلەرنىڭ سۆز تومۇرلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن، مەنىداش سۆزلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردۇر. يۇقىرىقى ئايەتى كەرىم «قەلەم ۋە ئۆگىتىش» تىن ئىبارەت بۇ ئىككى سۆزنى تىلغان ئالغان، شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى ئەزەلدىن تارتىپ ئىلىم ئېلىش ۋە ئىلىم ئۆگىتىشنى ناھايىتى مۇھىم بىلگەن. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشىنى پەرز دەپ بەلگىلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ طَلَبُ الْعِلْمِ فَرِيْضَةٌ عَلَى كُلِّ مُسْلِمٍ ] (رَوَاهُ ابْنُ مَاجَه)

**"ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر." (ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)**

چۈنكى، ھەقىقىي بىلىم توغرا ۋە چوڭقۇر چۈشەنچە بىلەن بولغاندىلا، كىشىلەرنى ئازغۇنلۇق ۋە خۇراپىيلىقتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ. پەقەت ئىلىم ئىگىلىگەندىلا ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە كامالىي كۈچ ـ قۇدرىتىنى بايقاپ

چىققىلى ۋە تەپەككۇر قىلىپ ھېس قىلغىلى بولىدۇ، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ئەقلىي دەلىللەر ئۈستىگە قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىم تەھسىل قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز دەپلا قالماستىن، بەلكى مۇسۇلماننىڭ پۈتۈن ھاياتىدا ئىلىم ئىگىلىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان.

[ أُطْلُبُوا الْعِلْمَ مِنَ الْمَهْدِ إِلَى اللَّحْدِ ]

**"بۆشۈكتىن لەھەتكىچە ئىلىم تەلەپ قىلىڭلار."**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىلىمنىڭ چەكسىز، ھاياتلىقنىڭ چەكلىكلىكى توغرىسىدا تەلىم بەرگەن. بىر ئۆمۈر ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ ئۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم ھەققىدىكى تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

[الْكَلِمَةُ الْحِكْمَةُ ضَالَّةُ الْمُؤْمِنِ فَحَيْثُ وَجَدَهَا فَهُوَ أَحَقُّ بِهَا. ]

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ھېكمەتلىك سۆز مۆمىننىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر. ئۇنى قەيەردە تاپسا ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر."**

### 3. تىرىشىپ ئىشلەپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّا نَحْنُ نُحْيِي الْمَوْتَى وَنَكْتُبُ مَا قَدَّمُوا وَءَاثَارَهُمْ وَكُلَّ شَيْءٍ أَحْصَيْنَاهُ فِي إِمَامٍ مُبِينٍ﴾

**﴿بىز، شۈبھىسىزكى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى ـ يامان) ئەمەللىرىنى ۋە ئىزنالىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز. ھەممە شەيئىنى روشەن دەپتەردە (يەنى لەۋھۇلمەھفۇزدا) تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز﴾ (36 ـ سۈرە / ياسىن 12 ـ ئايەت)**

ئىسلام دىنىمىز ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، ياراملىق كىشىلەردىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ياشلىق ئىنسان ھاياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى. مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ قانداق قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئۆلچەم ۋە تەلەپلىرىگە ئاساسەن ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، ياراملىق مۇسۇلمانلاردىن بولالىشى توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» بىزگە ئوچۇق تەلىم بەرگەن.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْمُؤْمِنُ الْقَوِيُّ خَيْرٌ وَأَحَبُّ إِلَى اللهِ مِنْ

الْمُؤْمِنِ الضَّعِيفِ وَفِي كُلٍّ خَيْرٌ احْرِصْ عَلَى مَا يَنْفَعُكَ وَاسْتَعِنْ باللّٰهِ وَلَا تَعْجَزْ وَإِنْ أَصَابَكَ شَيْءٌ فَلَا تَقُلْ لَوْ أَنِّي فَعَلْتُ كَانَ كَذَا وَكَذَا وَلَكِنْ قُلْ قَدَرُ اللّٰهِ وَمَا شَاءَ فَعَلَ فَإِنَّ لَوْ تَفْتَحُ عَمَلَ الشَّيْطَانِ.]

**"كۈچلۈك مۆمىن ئاللاھ تائالاغا ئاجىز مۆمىندىن ياخشىراقتۇر ۋە سۆيۈملۈكرەكتۇر. ھەممە نەرسىدە ياخشىلىق بار. سەن ئۆزۈڭگە پايدىلىق نەرسىلەرگە ھېرىس بولغىن. ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلىگىن (ئاللاھقا تايانغان ھالىتىڭدە) ئۆزۈڭنى ئاجىز دەپ قارىما، ئەگەر ساڭا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يېتىپ قالسا، ئۇنداق قىلغان بولسام بوپتىكەن، مۇنداق قىلسام بوپتىكەن دېمىگىن، ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈۋەتكەن تەقدىرى شۇ ئىكەن، ئاللاھ خالىغان نەرسە بولىدۇ، دېگىن. " كاشكى، *ئەپسۇس*" دېگەن سۆزلەر شەيتاننىڭ ئىشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ إِنَّ اللّٰهَ يُحِبُّ الْعَبْدَ يَتَّخِذُ الْمِهْنَةَ لِيَسْتَغْنَى بِهَا عَنِ النَّاسِ ]

**"ئاللاھ كەسىپكە تايىنىش ئارقىلىق كىشىلەرگە موھتاج بولۇشتىن ساقلانغان كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ." (دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان)**

[إِنَّ اللّٰهَ يُحِبُّ الْمُؤْمِنَ الْمُحْتَرِفَ]

**"ئاللاھ ھەقىقەتەن ھۈنەر كەسىپ ئىگىسى بولغان مۆمىننى ياخشى كۆرىدۇ." (تەبەرانى رىۋايەت قىلغان)**

[كَانَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ جَالِسًا مَعَ أَصْحَابِهِ ذَاتَ يَوْمٍ فَنَظَرُوا إِلَى شَابٍّ ذِي جِلْدٍ وَقُوَّةٍ وَقَدْ بَكَّرَ يَسْعَى فَقَالُوا وَيْحَ هَذَا لَوْ كَانَ شَبَابُهُ وَجِلْدُهُ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ فَقَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لاَ تَقُولُوا هَذَا فَإِنَّهُ إِنْ كَانَ يَسْعَى عَلَى نَفْسِهِ لِيَكُفَّهَا عَنِ الْمَسْأَلَةِ وَيُغْنِيهَا عَنِ النَّاسِ فَهُوَ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ وَإِنْ كَانَ يَسْعَى عَلَى أَبَوَيْنِ ضَعِيفَيْنِ أَوْ ذُرِّيَّةٍ ضِعَافٍ لِيُغْنِيَهُمْ وَيَكْفِيهِمْ فَهُوَ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ ] (رَوَاهُ الطَّبَرَانِيُّ)

**"بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى، ئۇلار ناھايىتى قاۋۇل، ئۇستىخانلىق بىر كىشىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: بۇ ياش ئەجەب زايا بولۇپ كېتىپتۇ! ئەگەر ئۇ ئاشۇ ياشلىقى**

**بىلەن كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلىشقا سەرپ قىلغان بولسىچۇ! دېگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەر ئۇنداق دېمەڭلار بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ، كىشىلەردىن بىھاجەت بولۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق بولسا، ئۇ ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلغان بولىدۇ؛ ئەگەر قېرىغان ئاتا ـ ئانىسى ۋە كىچىك بالا ـ چاقىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن مەشغۇل بولغان بولسا، ئۇ ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلغان بولىدۇ. " (تەبەرانى رىۋايەت قىلغان)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

[مَنْ طَلَبَ الدُّنْيَا حَلاَلاً وَتَعْفِيفًا عَنِ الْمَسْأَلَةِ وَسَعْيًا عَلَى عِيَالِهِ وَتَعَطُّفًا عَلَى جَارِهِ لَقِيَ اللهَ وَ وَجْهَهُ كَالْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ] (رَوَاهُ الْبَيْهَقِيُّ)

**"كىمكى ھالال رىزىق تەلەپ قىلىش، باشقىلارغا موھتاج بولماسلىق ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن قولۇم ـ قوشنىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن تىرىشقان بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇ ئاللاھقا مۇلاقات بولغان چاغدا، يۈزى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ناھايىتى يورۇق بولىدۇ." (بەيھەقى رىۋايەت قىلغان)**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "إِنِّي لَأَكْرَهُ أَنْ أَرَى الرَّجُلَ فَارِغًا لاَ فِي أَمْرِ دُنْيَاهُ وَلاَ فِي أَمْرِ آخِرَتِهِ." يەنى (مەن بىر كىشىنىڭ يا دۇنيالىقى، يا ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن مەشغۇل بولمىغانلىقىنى كۆرۈشنى ناھايىتى يامان كۆرىمەن.) («ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» دىن ئېلىندى)

## 4. ئۆزئارا ئۆتۈنۈش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَن تَعْفُواْ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَلاَ تَنسَوُاْ الْفَضْلَ بَيْنَكُمْ إِنَّ اللهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾

**﴿سىلەرنىڭ ئۆتۈنگىنىڭلار تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ (2 ـ سۇرە / بەقەرە 237 ـ ئايەت)**

ئۆزئارا ئۆتۈنۈش ۋە سىلە ـ رەھىم قىلىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، ئاللاھ تائالا نېئمەتلىرىنى بىزنىڭ ئارىمىزغا تەقسىملىۋەتكەن بولۇپ، سىزدە بار نەرسە بەلكىم ئۇنىڭدا بولماسلىقى مۇمكىن، ئۇنىڭدا بار نەرسە بەلكىم سىزدە بولماسلىقى مۇمكىن، شۇنداق بولغانىكەن بىز ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز،

ئاللاھنىڭ بەرگەن نېئمىتىدىن بىرلىكتە بەھرىمەن بولۇشىمىز لازىم. ئىسلام دىنىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ھەسەت قىلىشى ۋە دۈشمەنلىشىشىنى چەكلەيدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[لاَ تَبَاغَضُوا، وَلاَ تَحَاسَدُوا، وَلاَ تَدَابَرُوا، وَكُونُوا عِبَادَ اللهِ إِخْوَانًا، وَلاَ يَحِلُّ لِمُسْلِمٍ أَنْ يَهْجُرَ أَخَاهُ فَوْقَ ثَلاَثِ لَيَالٍ.]

**"بىر ـ بىرىڭلارنى تاشلىۋەتمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا تەتۈر قاراشماڭلار، ئاداۋەتلەشمەڭلار ۋە ھەسەت قىلىشماڭلار، ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار. مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى دۇرۇس ئەمەس." (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)**

ئىنسان ئۆزىنى ھۆرمەتلىشى، كۆرەڭلەپ چوڭچىلىق قىلماسلىقى، ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئالدامچىلىقنى رەت قىلىشى كېرەك. ئۆزىنى ھۆرمەتلەپ قەدىرلىگەندە، جاسارەتلىك ـ يارامىلىق بولغىلى، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بەختلىك تۇرمۇش قۇرغىلى بولىدۇ. بۈگۈن، بىز مۇسۇلمان ياشلىرى، پەن ـ تېخنىكا يۈكسىلىۋاتقان، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان، كۆپ مەدەنىيەتلەر مەركەزلەشكەن، ئالاقە قويۇقلاشقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە بەرگەن نېئمىتىدۇر، شۇڭا بىز ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىشىمىز، شۇنداقلا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، تولۇپ تاشقان ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە مۇستەھكەم قەدەملەر بىلەن كېلەچەككە قاراپ يول ئېلىشىمىز لازىم. ھەرقانداق ئەھۋالدا، تەكەببۇرلۇق ۋە چوڭچىلىق قىلماسلىقىمىز، زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۆزىمىزنى ئىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئەقلى ئىقتىدارىمىز بىلەن يېڭى جەمئىيەت بەرپا قىلىپ چىقىشىمىز، شەھىرىمىزنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغدايدىغان ياشلاردىن بولىشىمىز، شۇنداقلا، گۈزەل ئەخلاقىمىز بىلەن باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا بىزگە ھىدايەت ۋە نۇسرەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين

# دۇئا ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتى

﴿الْحَمْدُ للهِ الَّذِي لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ وَلَهُ الْحَمْدُ فِي الآخِرَةِ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْخَبِيرُ يَعْلَمُ مَا يَلِجُ فِي الأَرْضِ وَمَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمَا يَنْزِلُ مِنَ السَّمَاءِ وَمَا يَعْرُجُ فِيهَا وَهُوَ الرَّحِيمُ الْغَفُورُ﴾ [سبأ: 1- 2]
اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي سَبَّحَتِ الْكَائِنَاتِ بِحَمْدِهِ، وَعَنَتِ الْوُجُوهُ لِعَظْمَتِهِ وَمَجْدِهِ، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، اللّٰهُمَّ صَلِّ عَلَى سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِينَ.

أَمَّا بَعْدُ:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك جامائەتلەر!

تۇرمۇشىمىزدا دۇئانىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ ۋە ئەھمىيىتى زوردۇر. دۇئا مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆتكۈر قورالى ۋە تۇرلۇك خەتەرلەردىن ساقلايدىغان قالقىنىدۇر. ئۇنداقتا دۇئا دېگەن نېمە؟ دۇئانى قانداق قىلساق توغرا بولىدۇ؟ دۇئالىرىمىزنىڭ مەقبۇل بولۇش شەرتلىرى قايسىلار؟ بۇلار بىز مۇسۇلمانلار بىلىش زۆرۈر بولغان مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ. بىز بۈگۈن ئەنە شۇ ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولغان "دۇئا ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتى" ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈشنى توغرا تاپتۇق.

## 1. دۇئا دېگەن نېمە؟

ئەرەب تىلىدىكى «اَلدُّعَاءُ» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى "چاقىرىش، يالۋۇرۇش" دېگەنلىك بولىدۇ. شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسى "تۆۋەنچىلىك، كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سوراش" دېمەكتۇر.

﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾

**﴿ پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن قوبۇل قىلىمەن﴾ (40 ـ سۈرە / غافىر 60 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ﴾

**﴿سەن پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت (دۇئا) قىلىدىغانلار بىلەن كۆڭلۈكنى توختاتقىن﴾ (18 ـ سۈرە / كەھف 28 ـ ئايەت)**

**دۇئانىڭ ئىسلامدىكى ئورنى**

دۇئانىڭ ئىسلام ئەقىدىسىدىكى ئورنى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇ بەندە بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىنى باغلاپ تۇرىدۇ. دۇئا خالىس ئىبادەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[الدُّعَاءُ أَفْضَلُ العِبَادَةِ] يەنى **"دۇئا ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر."**

مەلۇمكى، ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھاجەتمەنلىكنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە دۇئانىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە بەندىلىرىنى ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أُدْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ﴾

**﴿ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن قوبۇل قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾ (40 ـ سۈرە / غافىر 60 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، بەندىلىرىنى ئۆزىگە دۇئا قىلىپ ھاجەتلىرىنى سوراشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلمايدىغانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقۇچى گۇناھكارلاردىن سانىلىپ، دوزاختا لايىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[مَنْ لَمْ يَسْأَلْ اللّٰهَ يَغْضَبْ عَلَيْهِ] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيّ)

**"كىمكى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سورىمايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ." (ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

يۇقىرىقى ئايەت بىلەن ھەدىس شەرىفتىن مەلۇمكى، دۇئا خالىسا قىلىپ،

خالىمىسا قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىبادەت ئەمەس، بەلكى، ئۇ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىبادەتتۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى، يۇقىرىقى ئايەت بىلەن ھەدىستە دۇئانى تەرك ئەتكۈچىلەر ''ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقۇچىلار ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلار'' دەپ سۈپەتلەنمىگەن بولاتتى.

## 2. دۇئانىڭ پەزىلىتى ۋە پايدىسى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتىپ قويغىن) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىندۇرمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ئىمانىدا چىڭ تۇرسۇن﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 186 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَن أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ سَرَّهُ أَنْ يَسْتَجِيبَ اللّٰهُ لَهُ عِنْدَ الشَّدَائِدِ وَالْكَرْبِ فَلْيُكْثِرْ الدُّعَاءَ فِي الرَّخَاءِ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**''ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى قىيىنچىلىقتا دۇچار بولغان، بېشىغا كۈن چۈشكەن كۈنلەردە قىلغان دۇئايىم ئىجابەت بولسۇن دېسە، خاتىرجەم باياشات كۈنلەردە دۇئانى كۆپ قىلسۇن.'' (ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

[قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَدْعُو بِدَعْوَةٍ لَيْسَ فِيهَا إِثْمٌ وَلا قَطِيعَةُ رَحِمٍ إِلاَّ أَعْطَاهُ اللّٰهُ بِهَا إِحْدَى ثَلاثٍ : إِمَّا أَنْ يُعَجِّلَ لَهُ دَعْوَتَهُ ، وَإِمَّا يَدَّخِرَهَا لَهُ فِي الآخِرَةِ ، وَإِمَّا أَنْ يَرْفَعُ عَنهُ من السُّوءَ بِمِثْلِهَا ، قَالُوا : إِذًا نُكْثِرُ يَا نَبِيَ اللّٰهُ ، قَالَ : اللّٰهُ أَكْثَرُ.] (رَوَاهُ أَحْمَدُ)

**''پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قانداق بىر مۇسۇلمان گۇناھ بولمايدىغان ۋە سىلەر ـ رەھىمنى ئۈزمەيدىغان ئىشنى ئاللاھتىن تىلەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى بېرىدۇ. يا ئۇنىڭ دۇئاسى تېز ئىجابەت بولىدۇ، يا ئاللاھ شۇ دۇئانىڭ ساۋابىنى**

**ئۇنىڭغا ئاخىرەت ئۈچۈن ساقلاپ قويىدۇ. يا شۇ دۇئانىڭ باراۋىرىدە ئۇنىڭدىن يامانلىقنى كۆتۈرىۋېتىدۇ، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇنداقتا بىز كۆپ دۇئا قىلىمىز ـ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بېرىدۇ، دېدى.» (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)**

دۇئا شۇنداق پەزىلەتلىك ۋە ياخشى بىر ئىبادەتكى، مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى سوراش يۈزىسىدىن دۇئا قىلغىنىدا ئۈچ تەرەپتىن پايدىغا ئېرىشىدۇ. بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۇنى سۆيۈندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ. ئىككىنچىدىن، دۇئا ئىبادەت بولغانلىقى يۈزىسىدىن ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. ئۈچىنچىدىن، سورىغان ھاجەتلىرى راۋا بولىدۇ.

## 3. دۇئا ئىجابەت بولۇشنىڭ شەرتلىرى

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئۆزىگە خاس شەرتلىرى بولغىنىدەك، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈنمۇ مەخسۇس شەرتلەر ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك. ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىچە:

**دۇئانى ئاللاھقا بولغان چىن ئىخلاس بىلەن قىلىش؛**

ھەر قانداق بىر ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىخلاس شەرت بولغىنىدەك، دۇئا ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈنمۇ ئەلۋەتتە ئىخلاس شەرت قىلىنىدۇ. ئىخلاس دېگەن قەلب قېتىدىن بولغان سەمىمىي سۆيگۈ بىلەن كۆرسىتىلگەن چىن ساداقەت دېمەكتۇر. ئاللاھقا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغاندا، ئۇنىڭغا شۇنداق سۆيگۈ ساداقەت بىلەن يۈزلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ﴾

**﴿ئۇلار پەقەت دىننى ئاللاھقا خاس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى﴾ (98 ـ سۈرە / بەييىنە 5 ـ ئايەت)**

**دۇئا قىلغۇچىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكى ھالال بولۇش؛**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

[إِنَّ اللّه طيّبٌ لا يَقْبَلُ إلا طَيّبًا] (رَوَاهُ الْمُسْلِمُ)

**”ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك بولغاننىلا قوبۇل قىلىدۇ.“**

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: قەلبى پاك، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ھالال بولغان كىشىلەرنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاللاھ قوبۇل قىلىدۇ، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئىنسانلارنى پاكلىققا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:

﴿يَا أَيُّهَا الرُّسُلُ كُلُوا مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ﴾

**﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن﴾ (23 ـ سۈرە / مۇئمىنۇن 51 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[وَذَكَرَ الرَّجُلَ يُطِيلُ السَّفَرَ أَشْعَثَ ، أَغْبَرَ يَرْفَعُ يَدَيْهِ إِلَى السَّمَاءِ، يَا رَبُّ، يَا رَبُّ، وَمَطْعَمُهُ حَرَامٌ، وَمَشْرَبُهُ حَرَامٌ، وَغُذِّيَ بِالْحَرَامِ، فَأَنَّى يُسْتَجَابُ لِذَلِكَ؟] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**”بىراۋ ئۈستى بېشىنى چاڭ ـ توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ئى پەرۋەردىگارىم! ئى ئىگەم! ـ دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ يېگەن ـ ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كيگەنلىرىمۇ ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن؟“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

**دۇئانى ئىجابەت بولۇشىغا ئىشىنىپ، ئۇمىدۋارلىق بىلەن قىلىش:**

[عَن أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: ادْعُوا اللهَ وَأَنْتُمْ مُوقِنُونَ بِالْإِجَابَةِ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللهَ لَا يَسْتَجِيبُ دُعَاءً مِنْ قَلْبٍ غَافِلٍ لَاهٍ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەر ئىجابەت بولۇشقا چىن ئىشەنچ قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا دىلىنى غەپلەت باسقانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ.“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

[إِذَا دَعَا أَحَدُكُمْ ، فَلا يَقُلْ : اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي إِنْ شِئْتَ ارْحَمْنِي إِنْ شِئْتَ ارْزُقْنِي إِنْ شِئْتَ لِيَعْزِمْ

الْمَسْأَلَةَ إِنَّهُ يَفْعَلُ مَا شَاءَ وَلَا مُكْرِهَ لَهُ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”سىلەرنىڭ بىرىڭلار دۇئا قىلغاندا، ئى ئاللاھ! ئەگەر خالىساڭ مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ئەگەر خالىساڭ ماڭا رەھىم قىلغىن، ئەگەر خالىساڭ، ماڭا رىزىق بەرگىن. دېمىسۇن! بەلكى، سورىغانلىرىدا قەتئىي بولسۇن. ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئۇنى مەجبۇرلىغۇچى يوقتۇر.“ (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

**ئورۇق ـ تۇغقانلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ياكى گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىش ئۈچۈن دۇئا قىلماسلىق.**

[عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَا أَحَدٌ يَدْعُو بِدُعَاءٍ إِلَّا آتَاهُ اللهُ مَا سَأَلَ أَوْ كَفَّ عَنْهُ مِنَ السُّوءِ مِثْلَهُ مَا لَمْ يَدْعُ بِإِثْمٍ أَوْ بِقَطِيعَةِ رَحِمٍ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**”جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق كىشى گۇناھ ئىشلارنى ياكى سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلمىسىلا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ سورىغان نەرسىسىنى بېرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن شۇ نەرسىنىڭ باراۋىرىدە يامانلىقنى توسۇپ قالىدۇ.“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

### 4. دۇئا ئىجابەت بولماسلىقنىڭ سەۋەبلىرى

يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، ئىجابەت بولۇش شەرتلىرى تولۇق بولمىغان دۇئالار ئىجابەت بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئىسلامنىڭ ئەمر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت پەرزىنى تەرك ئېتىش دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. چۈنكى ئەمر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىگە بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ھەر كىم ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ۋە ئىقتىدارىنىڭ، شەرت ـ شارائىتىنىڭ يېتىشىچە ئەمر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇلغان.

[عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَتَأْمُرُنَّ بِالْمَعْرُوفِ وَلَتَنْهَوُنَّ عَنِ الْمُنْكَرِ أَوْ لَيُوشِكَنَّ اللهُ أَنْ يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عِقَابًا مِنْ عِنْدِهِ ثُمَّ لَتَدْعُونَّهُ فَلاَ يَسْتَجِيبُ لَكُمْ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**”ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات (يەنى ئاللاھ تائالا) بىلەن قەسەمكى، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن**

**توسۇشۇڭلار كېرەك، ئۇنداق قىلمىساڭلار، پات يېقىندا ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆز تەرىپىدىن بىر بالا ئەۋەتىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا دۇئا قىلساڭلار، دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ.» (ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

شۇنىڭدەك، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلماسلىق ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشمۇ دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا توسقۇن بولىدۇ. مەشھۇر زاھىدلاردىن بىرى ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم بىر كۈنى بەسرە شەھىرىنىڭ بازىرىدا كېتىپ بارغىنىدا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «نېمە ئۈچۈن بىز دۇئا قىلساق دۇئايىمىز ئىجابەت بولمايدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ”چۈنكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلار ئون ئىللەت بىلەن ئۆلگەن: سىلەر ئاللاھ تائالانى تونۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيىدىغانلىقىڭلارنى دەۋا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ سۈننىتىنى تەرك ئەتتىڭلار، «قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن ئوزۇقلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلمىدىڭلار، ”شەيتان بىزنىڭ دۈشمىنىمىز“ دەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتىڭلار، ”جەننەت ھەقتۇر“ دەپ تۇرۇپ، سىلەرنى جەننەتكە كىرىشكە سالاھىيەتلىك قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلمىدىڭلار، ”دوزاخ ھەقتۇر“ دەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قاچمىدىڭلار، ”ئۆلۈم ھەق“ دەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلمىدىڭلار، ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەش بىلەن مەشغۇل بولدۇڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئۇنۇتتۇڭلار، مېيىتلىرىڭلارنى دەپنە قىلدىڭلار، ئۇلاردىن ئىبرەت ئالمىدىڭلار. شۇڭلاشقا سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ.“

ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا قارايدىغان بولساق، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قىسسىدە سۆزلەنگەن ئەيىبلەر بىزلەردە يوق ئەمەس. ئاۋۋال ئۆزىمىزنى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە لايىقلاشتۇرساق، بىز ئىسمىنى چاقىرىپ رەھىم قىلىشىنى، مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەۋەتقان زات بىزدىن تەلەپ قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلەرنى لايىقىدا ئورۇندىساق، ئاندىن ئاللاھتىن دۇئالىرىمىزنى

ئىجابەت قىلىدۇ، بىزنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

### 5. دۇئانى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ھەرقانداق بىر ئىبادەتنى تەرك قىلىش گۇناھ بولغىنىدەك، دۇئانى تەرك ئېتىشمۇ گۇناھتۇر. چۈنكى دۇئا — ئىبادەتتۇر. مۇپەسسىر ئالىملار ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم» دىكى:

﴿أُدْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ﴾

**﴿ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن قوبۇل قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾(40 ـ سۈرە / غافىر 60 ـ ئايەت)** دېگەن ئايەتنى ”ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن ئۆزلىرىنى بىھاجەت سانىغانلار خارلانغان ھالدا دوزاخقا ھەيدىلىدۇ“، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتتىكى ئىبادەت سۆزىدىن دۇئا مەقسەت قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن باش تارتقان ئادەم ئۆزىنىڭ بەندىچىلىكىنى، ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا ھەمىشە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشتىن باش تارتقانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇنداقلارنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەن ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن باش تارتقان ئادەم تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئادەمنىڭ بىرىدۇر:

بىرىنچىسى، ئۆزىگىلا ئىشىنىپ، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن ئۆزىنى بىھاجەت بىلىپ دۇئانى تەرك ئەتكەن ئادەم. مۇنداق ئادەم ھەددىدىن ئاشقان مۇتەكەببىرلەردىن سانىلىدۇ. شەيتانمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلىقىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتىن باش تارتقان، شۇ سەۋەبتىن ئۇ تا قىيامەتكىچە ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ لەنىتىگە قالغان.

ئىككىنچىسى، دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ ھاجەتلىرىنىڭ راۋا بولۇشىغا ئىشەنچ قىلالمىغان (ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىدىن دۇئانى تەرك ئەتكەن) ئادەم بولۇپ، بۇنداقلارمۇ ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى ئۈمىدسىزلىك كۇفرىلىققا يېقىندۇر. ئاللاھ تائالا ئۈمىدسىزلىكنى دىنسىزلار سۈپىتىدىن ساناپ، «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَا يَاْيئَسُ مِن رَّوْحِ اللّٰهِ إِلَّا الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ﴾

**﴿پەقەت كافىرلار جامائەسىلا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ﴾ (12 ـ سۈرە / يۈسۈف 87 ـ ئايەت)**

بىزدىمۇ ”ئۈمىدسىزلىك شەيتاندىن“ دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە بولمايدۇ.

[عَن أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ لَمْ يَسْأَلْ اللّٰهَ يَغْضَبْ عَلَيْهِ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: (ھاجىتىنى) ئاللاھتىن سورىمىغان ئادەمگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ.“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

**6. دۇئانىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى**

ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بار، دۇئا قىلىشىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. دۇئا قىلىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) دۇئانى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىش بىلەن باشلاش.

[عَنْ فَضَالَةَ بْنَ عُبَيْدٍ أَنَّ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ سَمِعَ رَجُلًا يَدْعُو فِي صَلَاتِهِ لَمْ يُمَجِّدِ اللّٰهَ تَعَالَى وَلَمْ يُصَلِّ عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: عَجِلَ هَذَا ثُمَّ دَعَاهُ فَقَالَ لَهُ أَوْ لِغَيْرِهِ إِذَا صَلَّى أَحَدُكُمْ فَلْيَبْدَأْ بِتَمْجِيدِ رَبِّهِ جَلَّ وَعَزَّ وَالثَّنَاءِ عَلَيْهِ ثُمَّ يُصَلِّ عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثُمَّ يَدْعُو بَعْدُ بِمَا شَاءَ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**”فەزالە ئىبنى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتمايلا دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ: ئۇ ئالدىراپ كەتتى، دېدى، ئاندىن ئۇ كىشىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ۋە باشقىلارغا: بىرىڭلار ئاللاھقا دۇئا قىلغاندا، ئاۋۋال ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش بىلەن، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىش بىلەن باشلىسۇن.**

**ئاندىن كېيىن خالىغان دۇئاسىنى قىلسۇن، دېدى.“ (تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

2) دۇئانى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ قىلىش. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَوَهَبْنَا لَهُ يَحْيَىٰ وَأَصْلَحْنَا لَهُ زَوْجَهُ إِنَّهُمْ كَانُوا يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَيَدْعُونَنَا رَغَبًا وَرَهَبًا وَكَانُوا لَنَا خَاشِعِينَ﴾

**﴿ بىز ئۇنىڭ (يەنى زەكەرىيەنىڭ) دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا يەھيانى بەخش ئەتتۇق، ئۇنىڭغا خوتۇنىنى تۇغىدىغان قىلىپ بەردۇق. ھەقىقەتەن ئۇ پەيغەمبەرلەر ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، ئۇمىدۋارلىق بىلەن، قورقۇنچ بىلەن بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى﴾ (21 ـ سۈرە / ئەنبىيا 90 ـ ئايەت)**

3) ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۆزى قىلغان خالىس ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىش.

[عَنْ بُرَيْدَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ سَمِعَ رَجُلًا يَقُولُ: اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنَّكَ أَنْتَ اللهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ الْأَحَدُ الصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَكَ كُفُوًا أَحَدٌ. قَالَ: لَقَدْ سَأَلْتَ اللهَ بِاسْمِهِ الْأَعْظَمِ الَّذِي إِذَا سُئِلَ بِهِ أَعْطَى وَإِذَا دُعِيَ بِهِ أَجَابَ.] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**”بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ: ئى ئاللاھ! سەن ئاللاھتۇرسەن. سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. سېنىڭ پەزلى ـ كەرىمىڭدىن سورايمەن، دېگەن دۇئانى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى: سەن ئاللاھتىن ئۇنىڭ بىلەن نېمە سورىساڭ بېرىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن قىلغان دۇئالىرىڭ ئىجابەت بولىدىغان ئىسمى ئەئزەم (ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمى) بىلەن دۇئا قىلدىڭ.“ (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

كىشىنىڭ ئۆزى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىشى ھەققىدە ئىمام بۇخارىي بىلەن ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان «ئۆڭكۈردىكى ئۈچ كىشى» نىڭ قىسسىسى توغرىسىدىكى ھەدىسنى كەلتۈرگەن.

4) دۇئا قىلغاندا قىبلىگە قاراپ، قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىش ياخشى سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئانى قىبلىگە قاراپ قولىنى

كۆتۈرگەن ھالدا قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسلەر كۆپ:

[عَنْ اِبْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: سَلُوا اللهَ بِبُطُونِ أَكُفِّكُمْ وَلَا تَسْأَلُوهُ بِظُهُورِهَا ، فَإِذَا فَرَغْتُمْ ، فَامْسَحُوا بِهَا وُجُوهَكُمْ.] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**"ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا دۇئا قىلىپ بىر نەرسە سورىغىنىڭلاردا، قولۇڭلارنىڭ ئالقىنى بىلەن سوراڭلار، دۈمبىسى بىلەن سورىماڭلار، دۇئادىن پارىغ بولغاندا قولۇڭلار بىلەن يۈزۈڭلارنى سىلاڭلار." (ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

5) دۇئا قىلغاندا ئاۋازنى قاتتىق يۇقىرى كۆتۈرمەسلىك. يۇقىرىمۇ ئەمەس، ئاۋازسىمۇ بولماسلىق كېرەك. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ادْعُوا رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ﴾

**﴿پەرۋەردىگارىڭلارغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا دۇئا قىلىڭلار، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾ (7 ـ سۈرە / ئەئراف 55 ـ ئايەت)**

6) دۇئا قىلغاندا ئالدى بىلەن ئۆزىگە، ئاندىن باشقىلارغا دۇئا قىلىش. چۈنكى ئۆزىگە دۇئا ئىجابەت بولغاندىلا، ئاندىن باشقىلارغا قىلىنغان دۇئا ئىجابەت بولىدۇ.

[عَنْ أُبَيِّ بْنِ كَعْبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ:كَانَ إِذَا ذَكَرَ أَحَدًا فَدَعَا لَهُ بَدَأَ بِنَفْسِهِ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**"ئۇبەي ئىبنى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنى ئەسلەپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ قالسا، ئالدى بىلەن ئۆزىگە دۇئا قىلىپ، ئاندىن ئۇ كىشىگە دۇئا قىلاتتى." (ئىمام تىرمىزي رىۋايەت قىلغان)**

«قۇرئان كەرىم» دە بايان قىلىنغان ئۆلگىلىك مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتىدىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىغا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

﴿وَالَّذِينَ جَاءُوا مِنْ بَعْدِهِمْ يَقُولُونَ رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِلَّذِينَ ءَامَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَءُوفٌ رَحِيمٌ﴾

**﴿ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «ئى رەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى ئۆچمەنلىك پەيدا قىلمىغىن. ئى رەببىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن» دەيدۇ.﴾ (59 ـ سۈرە / ھەشر 10 ـ ئايەت)**

7) دۇئا قىلغاندا ئىسلام كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان نەرسىنى تىلەپ دۇئا قىلىش، يامانلىق ياكى گۇناھ ئىشنى تىلىمەسلىك كېرەك. بەزى كىشىلەر ئاچچىقىم كەلدى دەپ ئۆزى ياكى باشقىلارنى قارغاپ بەد دۇئا قىلىپ سالىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿وَيَدْعُ الْإِنْسَانُ بِالشَّرِّ دُعَاءَهُ بِالْخَيْرِ وَكَانَ الْإِنْسَانُ عَجُولًا﴾

**﴿ئىنسان ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلغاندەك، يامانلىق تىلەپمۇ دۇئا قىلىدۇ. ئىنسان بەكمۇ ئالدىراقسان كېلىدۇ﴾ (17 ـ سۈرە / ئىسرا 11 ـ ئايەت)**

8) دۇئا قىلغاندا زېرىكمەستىن ئارقا ـ ئارقىدىن، قايتا ـ قايتا ئاللاھتىن تىلەش، دۇئانىڭ ئاخىرىنى ”ئامىن“ بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش.

«سەھىھۇل بۇخارى» دا مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان:

[كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا دَعَا كَرَّرَ ثَلاَثًا.]

**”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغىنىدا ئاللاھ تائالادىن سورىغانلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن قايتىلاپ سورايتتى.“**

[كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَمَّا سَمِعَ رَجُلاً يَدْعُو فَقَالَ: أَوَجَبَ اِنْ خَتَمَهُ بِآمِين.] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندا: ئەگەر ئۇ كىشى دۇئاسىنى ‹ئامىن› بىلەن تاماملايدىكەن، ئۇنىڭ دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ، دېدى. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

**دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ئەۋزەل ۋاقىتلار.**

1) سەجدىگە بارغان ۋاقىت. ئاللاھ تائالا سەجدىنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە تىلەكلەرنى ئاللاھتىن سوراپ قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت

ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاسْجُدْ وَاقْتَرِبْ﴾

**﴿ئاللاھقا سەجدە قىلغىن ۋە يېقىنلاشقىن﴾ (96 ـ سۈرە / ئەلەق 19 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: أَقْرَبُ مَا يَكُونُ الْعَبْدُ مِنْ رَبِّهِ وَهُوَ سَاجِدٌ فَأَكْثِرُوا الدُّعَاءَ.] (أَخْرَجَهُ مُسْلِمٌ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ھالىتى ئۇنىڭ سەجدىدىكى ھالىتىدۇر. بۇ ۋاقىتتا دۇئانى كۆپ قىلىڭلار.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

2) روزا تۇتقان ۋاقىتلار.

[قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: ثَلاثَةٌ لا تُرَدُّ دَعْوَتُهُمْ الإِمَامُ الْعَادِلُ وَالصَّائِمُ حِينَ يُفْطِرُ وَدَعْوَةُ الْمَظْلُومِ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۈچ خىل ئادەمنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ: بىرىنچىسى، روزىدارنىڭ دۇئاسى ھەتتا ئىپتار قىلغۇچە، ئىككىنچىسى، ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ دۇئاسى، ئۈچىنچىسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئادەمنىڭ دۇئاسى. (ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

3) ئەرەفات كۈنى قىلىنغان دۇئا . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[خَيْرُ الدُّعَاءِ دُعَاءُ يَوْمِ عَرْفَةَ]

**”دۇئانىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەرەفات كۈنىدىكى دۇئادۇر.“**

4) كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى. يەنى بامدات نامازدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: يَنْزِلُ رَبُّنَا كُلَّ لَيْلَةٍ حِينَ يَبْقَى ثُلُثُ اللَّيْلِ الآخِرِ إِلَى السَّمَاءِ الدُّنْيَا فَيَقُولُ: مَنْ يَدْعُونِي فَأَسْتَجِيبَ لَهُ، مَنْ يَسْتَغْفِرُنِي فَأَغْفِرَ لَهُ.]

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ھەر كېچىسى بىرىنچى ئاسمانغا چۈشىدۇ ۋە**

**كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا: ”ماڭا دۇئا قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، مەندىن سورىغان كىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىمەن ۋە مەندىن مەغپىرەت تىلىگەن كىشىگە مەغپىرەت قىلىمەن“، دەيدۇ.“ (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)**

5) قەدىر كېچىسى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە:

﴿لَيْلَةُ الْقَدْرِ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ﴾

**﴿قەدىر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئەۋزەلدۇر﴾ (97 ـ سۈرە / قەدىر 3 ـ ئايەت)**

قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ئەۋزەل بولغانلىقتىن بۇ كېچىدە دۇئا قىلىش تولىمۇ ئەۋزەلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە مۇشۇ قەدىر كېچىسىنى كۆزلەپ ئۇنىڭدا دۇئا، ئىستىغپار ۋە تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىپ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللاھتىن قەدىر كېچىسىنى بايقىسام نېمە دەپ دۇئا قىلىشىم توغرۇلۇق سورىغىنىمدا، ئۇ ماڭا: [اَللّٰهُمَّ اِنَّكَ عَفُوٌّ تُحِبُّ الْعَفْوَ فَاعْفُ عَنِّي] يەنى: **”ئى ئاللاھ! سەن ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مەغپىرەت قىلىشنى ياقتۇرغۇچىسەن، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن.“** دەپ دۇئا قىلىشىمنى تەۋسىيە قىلغان. (ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)

6) جۈمە كۈنى. چۈنكى جۈمە كۈنى ھەپتىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل كۈنى ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[إِنَّ فِي الْجُمُعَةِ سَاعَةً لا يُوَافِقُهَا عَبْدٌ مُسْلِمٌ وَهُوَ قَائِمٌ يُصَلِّي يَسْأَلُ اللّٰهَ خَيْرًا إِلاَّ أَعْطَاهُ]

**”جۈمە كۈنىدە دۇئا ئىجابەت بولىدىغان بىر سائەت باركى، قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتىدە ئۇنىڭغا ئۇچرىشىدىكەن، ئۇ نېمە سورىسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ سورىغىنىنى چوقۇم بېرىدۇ.“ (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)**

7) ئەزان بىلەن تەكبىر (ئىقامەت) ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[اَلدُّعَاءُ بَيْنَ الأَذَانِ وَالإِقَامَةِ لاَ يُرَدُّ]

**"ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىسىدىكى ۋاقىتتا قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ." (ئىمام نەسەئى رىۋايەت قىلغان)**

8) سەپەر ئۈستىدىكى ۋاقىتلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ثَلَاثُ دَعَوَاتٍ يُسْتَجَابُ لَهُنَّ لَا شَكَّ فِيهِنَّ : دَعْوَةُ الْمَظْلُومِ وَدَعْوَةُ الْمُسَافِرِ وَدَعْوَةُ الْوَالِدِ لِوَلَدِهِ]

**"ئۈچ خىل كىشىنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىدا ھېچ شەك يوق. ئۇلار: زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى ۋە ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى." (ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

9) ئىپتار ۋاقتى. روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى ئىجابەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ إِنَّ لِلصَّائِمِ عِنْدَ فِطْرِهِ لَدَعْوَةً مَا تُرَدُّ]

**"روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى ھەرگىزمۇ ئىجابەتسىز قايتۇرۇلمايدۇ." (ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)**

10) ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىغا قىلغان پايدىلىق ياكى زىيانلىق ھەر قانداق دۇئاسى شەكسىز ئىجابەت بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[لَا تَدْعُوا عَلَى أَنْفُسِكُمْ وَلَا تَدْعُوا عَلَى أَوْلَادِكُمْ وَلَا تَدْعُوا عَلَى أَمْوَالِكُمْ لَا تُوَافِقُوا مِنْ اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى سَاعَةً يُسْأَلُ فِيهَا عَطَاءٌ فَيَسْتَجِيبَ لَكُمْ.]

**"ئۆزۈڭلارنىڭ، بالىلىرىڭلارنىڭ ۋە مال ـ مۈلكىڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھتىن سورىسىلا بېرىلىدىغان بىر ۋاقىت بولۇپ، دۇئايىڭلار شۇ ۋاقىتقا ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ سىلەرگە ئىجابەت بولۇپ قالمىسۇن." (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

11) بىراۋنىڭ دىنىي قېرىندىشىغا غايىبانە قىلغان دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[دُعَاءُ الْمُسْلِمِ مُسْتَجَابٌ لأَخِيهِ بِظَهْرِ الْغَيْبِ عِنْدَ رَأْسِهِ مَلَكٌ مُوَكَّلٌ مَا دَعَا لأَخِيهِ بِخَيْرٍ إِلا قَالَ لَهُ : آمِينَ وَلَكَ بِمِثْلِهِ.]

**"مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرادىرى ھەققىدە غايىبانە قىلغان دۇئاسى ئىجابەت**

**بولىدۇ. دۇئا قىلغۇچىنىڭ بېشىدا بىر مۇئەككەل پەرىشتە بولۇپ، ھەرقاچان ئۇ ئادەم بۇرادىرى ھەققىدە خەيرلىك دۇئا قىلسا، مۇئەككەل پەرىشتە: ئامىن، ساڭىمۇ شۇنداق بولسۇن، دەيدۇ.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

12) مۇسىبەتكە ئۇچرىغان ۋاقىت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[مَا مِنْ مُسْلِمٍ تُصِيبُهُ مُصِيبَةٌ فَيَقُولُ مَا أَمَرَهُ اللهُ : إِنَّا لِلهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ اللّٰهُمَّ آجِرْنِي فِي مُصِيبَتِي، وَاخْلُفْ لِي خَيْرًا مِنْهَا. إِلاَّ آجَرَهُ اللهُ فِي مُصِيبَتِهِ، وَأَخْلَفَ اللهُ لَهُ خَيْرًا مِنْهَا.]

**”قانداقلا بىر مۇسۇلمان بەندىگە بىرەر مۇسىبەت يەتسە، بىز ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. ئى ئاللاھ! بۇ مۇسىبىتىمدە ماڭا ئەجىر بەرگەيسەن، قولدىن بەرگىنىمدىن ياخشىراقىنى ئاتا قىلغايسەن، دەيدىكەن، ئاللاھ تائالا چوقۇم ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭ مۇسىبىتىدە ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىدۇ ۋە يوقىتىپ قويغىنىدىن ياخشىراقىنى بېرىدۇ.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

13) راھەت ـ پاراغەتلىك كۈنلەردە دۇئا قىلىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[مَنْ سَرَّهُ أَنْ يَسْتَجِيبَ اللهُ لَهُ عِنْدَ الشَّدَائِدِ وَالْكَرْبِ فَلْيُكْثِرِ الدُّعَاءَ فِي الرَّخَاءِ]

**”كىمكى قىيىنچىلىققا دۇچار بولغان، بېشىغا كۈن چۈشكەن كۈنلەردە قىلغان دۇئايىم ئىجابەت بولسۇن دېسە، خاتىرجەم باياشات كۈنلەردە دۇئانى كۆپ قىلسۇن.»**

14) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇلغاندىن كېيىن.

**”فەزالە ئىبنى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە ئولتۇراتتى. بىر ئادەم كىلىپ ناماز ئوقۇدى. ئاندىن: ئى ئاللاھ! ماڭا رەھىم قىلغىن، ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، دەپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئالدىراپ كەتتىڭ، ئى ناماز ئوقۇغۇچى! ناماز ئوقۇپ بولۇپ ئولتۇرغىنىڭدا، ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا لايىق رەۋىشتە ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇغىن، ئاندىن ماڭا دۇرۇت ئېيتقىن، ئاندىن دۇئا قىلغىن»، دېدى. ئاندىن يەنە بىر ئادەم كىلىپ ناماز ئوقۇپ بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر**

**ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئەي ناماز ئوقۇغۇچى! دۇئا قىلغىن، ئىجابەت بولىدۇ، دېدى.“ (ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

### دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئورۇنلار

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلِلّٰهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ فَأَيْنَمَا تُوَلُّوا فَثَمَّ وَجْهُ اللّٰهِ إِنَّ اللّٰهَ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾

**﴿مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ ئاللاھنىڭدۇر، (ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن) قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلەرمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى) دۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن كەرىمى كەڭ، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر. (2 ـ سۈرە / بەقەرە 115 ـ ئايەت)**

ئىبادەت ۋە دۇئا ئۈچۈن جايلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشتۇر. پەقەت بەزى جايلار ئۇلۇغلۇقى يۈزىسىدىن ئىبادەت ۋە دۇئالارنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ ۋە ئەۋزەلدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) ئەرەفات تېغى. شۈبھىسىزكى ئەرەفات كۈنى ئەرەفاتتا قىلىنغان ئىبادەتلەر ۋە دۇئالار قوبۇل بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر.

2) «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنغان ۋە ئاللاھقا زىكىر ئېيتىلغان ئورۇنلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[مَا اجْتَمَعَ قَوْمٌ فِي بَيْتٍ مِنْ بُيُوتِ اللّٰهِ يَتْلُونَ كِتَابَ اللّٰهِ وَيَتَدَارَسُونَهُ بَيْنَهُمْ إِلَّا نَزَلَتْ عَلَيْهِمُ السَّكِينَةُ وَغَشِيَتْهُمُ الرَّحْمَةُ وَحَفَّتْهُمُ الْمَلَائِكَةُ وَذَكَرَهُمُ اللّٰهُ فِيمَنْ عِنْدَهُ]

**”قانداقلا بىر قەۋم ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيلىرىدىن بولغان بىرەر مەسچىتتە توپلىشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىدىكەن ۋە ئۇنى ئۆزئارا ئۆگىنىدىكەن، چوقۇم ئۇلارغا خاتىرجەملىك چۈشىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ئۇلارنى ئورايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يېنىدىكى پەرىشتىلىرىگە تەرىپلەپ بېرىدۇ.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

3) كەئبىنىڭ ئىچى. كەئبىنىڭ سول تەرىپىدىكى ھەتىم (قوپۇرۇلغان، دۈگىلەك يېرىم تام) نىڭ ئىچى كەبىگە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ دۇئا قىلغان ئادەم خۇددى كەئبىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ دۇئا قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ.

4) مۇلتەزىم شەرىف: يەنى (كەئبىنىڭ ئىشىكى بىلەن ھەجەرۇل ئەسۋەد ئوتتۇرىسىدىكى جاي).

5) مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەم.

6) مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسچىتى.

7) پەلەستىنىدىكى بەيتۇلمۇقەددەس مەسچىتى.

8) سافا ۋە مەرۋە تاغلىرى.

9) مىنا، مۇزدەلىفە ۋە باشقىمۇ مۇقەددەس جايلار.

10) يەر يۈزىدىكى جىمى مەسچىتلەر.

11) ناماز ئوقۇلغان ھەر قانداق جايلار.

**دۇئا بىراۋنىڭ ۋاستىسىگە مۇھتاجمۇ؟**

دۇئا ھېچكىمنىڭ ۋاستىسىغا موھتاج ئەمەس. تىلەكلەر پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزىدىن بىۋاستە سورىلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتىپ قوي) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىندۇرمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ئىماندا چىڭ تۇرسۇن﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 186 ـ ئايەت)**

شۇڭا قەبرىلەردىن ھاجەت سوراش، دۇئا قىلىش قەتئىي توغرا ئەمەس، بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. ئەمما ھايات كىشىلەرنىڭ ئۆلگەنلەرگە قىلغان دۇئاسى يېتىدۇ.

يېقىنلىرىدىن باشقا، ھايات بولغان ئاتا ـ ئانا، ئۆلىما ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ دۇئا قىلىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈش دۇرۇس. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

[اِسْتَأْذَنْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي الْعُمْرَةِ فَأَذِنَ لِي وَقَالَ: لاَ تَنْسَنَا يَا أَخِي مِنْ دُعَائِكَ]

**”مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىۋىدىم، ماڭا رۇخسەت بەردى ۋە ”ئى قېرىندىشىم! دۇئايىڭدا بىزنىمۇ ئۇنۇتمىغايسەن“ دېدى.“ (ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان كىشى سەھەر ئۇيقۇدىن كۆزنى ئاچقىنىدىن باشلاپ تاكى ئاخشىمى ئۇخلىغانغا قەدەر بولغان تاھارەت ئېلىش، ئۆيىدىن چىقىش ۋە كىرىش، مەسچىتكە بېرىش ۋە قايتىش، غىزالىنىش، ئىشقا بېرىش، قايتىش، قاتناش قوراللىرىغا چىقىش قاتارلىق پۈتۈن ئىش - ھەرىكەتلىرىدە دۇئانى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىشقا بۇيرۇلغان. مۇسۇلمانلارغا تۈرلۈك جايلار ۋە مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇلىدىغان كېرەكلىك دۇئالارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىپ قالدۇرغان بولسىمۇ، كېيىنكى ئەسىرلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ روھىدىن چەتنەپ تۈرلۈك خۇراپاتلارنى دىنىي قىياپەتتە قوبۇل قىلغانلىقى سەۋەبلىك خۇراپات ۋە بىدئەتلەر كۈندىلىك پائالىيەتلىرىمىز ۋە دۇئالىرىمىزغىمۇ يامراپ كىرگەن. شۇڭا بىز ھەر تۈرلۈك خۇراپاتلاردىن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ يولىغا قايتىش ئارقىلىق قۇتۇلۇپ، بارچە تىلەك ۋە ھاجەتلىرىمىزنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى كۆرسەتكەن يول ئارقىلىق ئاللاھتىنلا سورىشىمىز لازىم.

كەرەملىك رەببىمىز ئاللاھقا دۇئا قىلىپ كۆتۈرۈلگەن ئىككى قول ھەرگىز قۇرۇق قايتمايدۇ. ئاللاھ تائالا دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللارنى قۇرۇق قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدىغان شۇنداق كەرەملىك زاتتۇر. رەببىمىز ئاللاھ دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغاي، بىزلەرنى توغرا يولغا باشلىغاي، ئىككى دۇنيالىق بەخت- سائادەتكە مۇيەسسەر بولغان مۆمىن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا نېسىپ قىلغاي، يۇرتىمىزنى ئەمىن، ئىناق، ئىتتىپاق يۇرت قىلغاي. ئامىن!

وَآخِرُ دَعْوَانا أَنِ الْحَمْدُ لِلَّـهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ

# هاجىلار ئۆزىنىڭ ئۈلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك

الْحَمْدُ للهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، يُوَالِي عَلَى عِبَادِهِ مَوَاسِمَ الْخَيْرِ، وَيَحُثُّهُمْ عَلَى اغْتِنَامِهَا بِالطَّاعَةِ، لِيُكَفِّرَ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ، وَيَرْفَعُ مِنْ دَرَجَاتِهِمْ، تَفَضُّلاً مِنْهُ وَإِحْسَاناً، وَأَشْهَدُ أَن لاَّإِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، أَوَّلُ سَابِقٍ إِلَى الْخَيْرَاتِ، صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ الَّذِينَ لاَ تَمُرُّ بِهِمْ فُرْصَةٌ لِلْخَيْرِ إِلاَّ شَغَلُوهَا بِالْأَعْمَالِ الصَّالِحَةِ ﴿أُولَئِكَ يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَهُمْ لَهَا سَابِقُونَ﴾

أَمَّا بَعْدُ :

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك جامائەتلەر!

بۇ كۈنلەردە پۈتۈن يەرشارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن نەچچە مىليون ھاجى قېرىنداشلىرىمىز ئۇلۇغ مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەج پائالىيەتلىرىنى تاماملاپ، يۇرتلىرىغا قايتىۋاتىدۇ ياكى قايتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

ھەج ئىسلام دىنىمىزدىكى بەش پەرزنىڭ بىرسى، شۇنداقلا، بىر قېتىملىق ئۆزىمىزنى ئومۇميۈزلۈك پاكلاش، ئەقىدە ۋە ئېتىقادىمىزنى كۈچەيتىش پۇرستى ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكًا وَهُدًى لِّلْعَالَمِينَ فِيهِ آيَاتٌ بَيِّنَاتٌ مَّقَامُ إِبْرَاهِيمَ وَمَن دَخَلَهُ كَانَ آمِنًا وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا﴾

**﴿ھەقىقەتەن، جاھان ئەھلىگە بەرىكەت ۋە ھىدايەت بولغان، ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) سېلىنغان تۇنجى ئۆي (بەيتۇللاھ)دۇر. ئۇنىڭدا ئۇچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرىدۇر، بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى تاۋاپ قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 96 ـ ،97 ـ ئايەت)**

شۇڭا، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولغان ھەجنىڭ ئەجىر ـ مۇكاپاتى

ئىنتايىن زور بولىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: مَنْ حَجَّ للهِ فَلَمْ يَرْفُثْ وَلَمْ يَفْسُقْ رَجَعَ كَيَوْمٍ وَلَدَتْهُ أُمُّهُ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھەج قىلىپ، ھەج جەريانىدا سەت گەپلەرنى قىلمىسا، گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلمىسا، ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھلاردىن پاك بولۇپ قايتىدۇ." (ئىمام بۇخاريي رىۋايەت قىلغان)**

ھەر بىر ھەج قىلغۇچى، قىلغان ھەج ئىبادىتىنىڭ مەقبۇل بولۇشىنى، ھەجدىن (ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغاندەك) گۇناھلاردىن پۈتۈنلەي پاكلانغان ھالەتتە قايتىشنى، قىلغان ھەججىنىڭ خاسىيىتىدىن جەننەتتىن ئىبارەت ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان ھالەتتە قايتىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز ئورۇندىغان ياخشى ئەمەل ۋە ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ھەرگىز بىلەلمەيمىز. لېكىن قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى بىزگە ياخشى ئەمەل ۋە ئىبادەتلەرنىڭ مەقبۇل بولىدىغانلىقىنىڭ بەزى ئالامىتىنى بايان قىلىپ بەردىكى، ئۇ بولسىمۇ بىر ھەج قىلغۇچىنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەجدىن قايتقاندىن كېيىن تەقۋادارلىق، ئەمەل ـ ئىبادەت ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن ئىلگىرىلەش كۆرۈلگەن بولسا، مانا بۇ بىزنىڭ شۇ قېتىملىق ھەججىمىزنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنىڭ مۇھىم بىر بىشارىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇنداقتا قەلبىمىزگە بىر سوئال بەلگىسى قويۇپ قۇيۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىمام ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: بىر كىشى بىرەر ئەمەل ـ ئىبادەتنى تاماملىغان بولسا، بۇ ئىبادىتىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۇ كىشىنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشىدۇر. شۇڭا، كىشىلەر دائىم: "ھەج قىلماق ئاسان، ھەجنىڭ شەرىپىنى ساقلىماق تەس" دېيىشىدۇ.

ئۇنداقتا، ھەج قىلغۇچىلار قانداق قىلغاندا ھەقىقىي ”ھاجى“ لىق شەرىپىگە ئېرىشەلەيدۇ؟ قىلغان ھەجى قوبۇل بولغان، گۇناھلاردىن پاكلانغان، جەننەت مۇكاپات قىلىپ بېرىلگەن كاتتا مۇكاپاتنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ؟ مانا بۇ ھەر بىر ھەج قىلغۇچى چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىدۇر. ھاجىلار قىلغان ھەجلىرىنىڭ قوبۇل بولۇشى، ھەقىقىي ھاجى بولۇشى ئۈچۈن، ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۆۋەندىكى ئىشلارغا چوقۇم ئەمەل قىلىشى كېرەك:

**بىرىنچى: ھاجىلار ھەر دائىم پەرھىزكار بولۇپ، بارلىق گۇناھ بولىدىغان سۆز- ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشتا باشلامچى بولۇش كېرەك.**

ھەممىگە مەلۇم، ئاللاھ بۇيرۇغان پەرز ئىبادەتلەرنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، ئاللاھ چەكلىگەن بارلىق ھارام ئىشلاردىن ھەر قاچان يىراق تۇرۇش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم بۇرچى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَا نَهَيْتُكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا، وَمَا أَمَرْتُكُمْ بِهِ فَخُذُوا مِنْهُ مَا اسْتَطَعْتُمْ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى بىر ئىشتىن توسقان بولسام ئۇنىڭدىن يېنىڭلار، ئەگەر مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇغان بولسام كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۇنى ئورۇنلاڭلار.“ (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

ئەمما، بىر ھاجىغا نىسبەتەن، نوقۇل پەرز ئىبادەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، نەفلە ئىبادەتلەرگە سەل قاراش، ھارام قىلىنغان ئىشلاردىنلا ساقلىنىپ، شۇبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانماسلىق ئەلۋەتتە يېتەرلىك ئەمەس، چۈنكى ھەج قىلغان ئادەم ئاللاھنىڭ ئۆيى بولغان بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلغان، بەيتۇللاھ ئالدىدا تۇرۇپ ئاللاھغا ۋەدە بەرگەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك مەسچىتى ۋە قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان ۋە پەيغەمبەرگە سالام بەرگەن، مۇبارەك زەم-زەم سۈيىدىن ئىچكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ھۆرمەتلىك ساھابىلەرنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى تەگكەن مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلغان كىشىدۇر. شۇڭا، باشقا مۇسۇلمانلارغا

نسبەتەن مانا بۇ ئالاھىدە شەرەپكە سازاۋەر بولغان ھاجىلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن، پەرز ئەمەللەردىن سىرت، كۆپلەپ نەپلە ئىبادەتلەرنىمۇ بەجا كەلتۈرۈشى، ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە، شەك ـ شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلىنىشىمۇ ئىنتايىن زۆرۈر ئىش ھېسابلىنىدۇ، ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا ھاجىلار ئاندىن ''ھاجى'' لىق شەرىپىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلالايدۇ، ئەمەل ـ ئىبادەتتە ۋە گۇناھلاردىن ساقلىنىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولالايدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِذَا قَضَيْتُم مَّنَاسِكَكُمْ فَاذْكُرُوا اللَّـهَ كَذِكْرِكُمْ آبَاءَكُمْ أَوْ أَشَدَّ ذِكْرًا ۗ فَمِنَ النَّاسِ مَن يَقُولُ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا وَمَا لَهُ فِي الْآخِرَةِ مِنْ خَلَاقٍ ۝ وَمِنْهُم مَّن يَقُولُ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ ۝ أُولَـٰئِكَ لَهُمْ نَصِيبٌ مِّمَّا كَسَبُوا ۚ وَاللَّـهُ سَرِيعُ الْحِسَابِ﴾

**﴿سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنى ئاتا ـ بوۋاڭلارنى ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار. بەزى كىشىلەر: «ئى رەببىمىز! بىزگە نېسىۋىمىزنى بۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ھېچ نېسىۋە يوقتۇر. بەزى كىشىلەر: «ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. ئاللاھنىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 200~202 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي عَبْدِ اللهِ النُّعْمَانِ بْنِ بَشِيْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ: سَمِعْتُ رَسُوْلَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُوْلُ: (إِنَّ الْحَلاَلَ بَيِّنٌ وَإِنَّ الْحَرَامَ بَيِّنٌ وَبَيْنَهُمَا أُمُورٌ مُشْتَبِهَاتٌ لاَ يَعْلَمُهُنَّ كَثِيْرٌ مِنَ النَّاسِ، فَمَنِ اتَّقَى الشُّبُهَاتِ فَقَدِ اسْتَبْرَأَ لِدِيْنِهِ وعِرْضِهِ، وَمَنْ وَقَعَ فِي الشُّبُهَاتِ وَقَعَ فِي الْحَرَامِ كَالرَّاعِي يَرْعَى حَوْلَ الْحِمَى يُوشِكُ أَنْ يَقَعَ فِيْهِ. أَلَا وَإِنَّ لِكُلِّ مَلِكٍ حِمىً. أَلَا وَإِنَّ حِمَى اللهِ مَحَارِمُهُ، أَلَا وَإِنَّ فِي الْجَسَدِ مُضْغَةً إِذَا صَلَحَتْ صَلَحَ الْجَسَدُ كُلُّهُ وَإِذَا فَسَدَتْ فَسَدَ الْجَسَدُ كُلُّهُ أَلَا وَهِيَ الْقَلْبُ.) ( رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ )

**''نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ھالال ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن، ھارام ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۈبھىلىك**

(ھالالغىمۇ، ھارامغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇقالمايدىغان، ھۆكۈمى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن) ئىشلار بار، شۈبھىلىك ئىشلاردىن ھەزەر قىلغان ئادەم دىنىنى ۋە ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلىغان بولىدۇ. شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلغان ئادەم ھارامغا دۇچار بولۇپ، چېگرانىڭ چۆرىسىدە پادا باققان پادىچىغا ئوخشايدۇ. پادا چېگرا ئىچىگە كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەر پادىشاھنىڭ بىر چېگراسى بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ زېمىندىكى چېگراسى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ھارام قىلىپ بېكىتكەن ئىشلىرىدىن ئىبارەتتۇر. قۇلاق سېلىڭلار، ئىنسانىنىڭ بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بولىدۇ، بۇ گۆش تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ يۈرەكتىن ئىبارەت.» (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

**ئىككىنچى: ھاجىلار ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ۋە مۇئامىلىدە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك.**

ھەممىگە مەلۇم، ھاجىلار ھەج قىلىش جەريانىدا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ئىنتايىن قاتتىق سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ھاجىلار ئېھرامغا كىرگەندە شەرىئەت بەلگىلىمىسى بويىچە قىلىش چەكلەنگەن ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇشتىن قەتئىي ساقلىنىش بىلەن بىرگە يەنە باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدىمۇ ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئىنتايىن دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، ھەج قىلغۇچى ئەگەر ھەج جەريانىدا بىلىپ ـ بىلمەي باشقىلارغا ئازار بېرىپ قويسا، يالغان ئېيتسا ۋە ياكى باشقىلارغا تىلى ۋە قولى ئارقىلىق زىيان يەتكۈزسە ھەجنىڭ پەزىلىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿اَلْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُومَاتٌ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلاَ رَفَثَ وَلاَ فُسُوقَ وَلاَ جِدَالَ فِي الْحَجِّ وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللّهُ وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى وَاتَّقُونِ يَا أُوْلِي الأَلْبَابِ﴾

**﴿ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقىگە دائىر سۆزلەرنى قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جېدەل ـ ماجىرا قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. (ھەج ئۈچۈن) ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق تەقۋادارلىقتۇر.**

ئى ئەقىل ئىگىلىرى! مەندىن قورقۇڭلار﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 197 ـ ئايەت)

شۇنداق بولغانىكەن، ھەجدىن كېيىنمۇ، ھاجىلارنىڭ جىسمى ئېھرامدىن چىققان بىلەن قەلبى داۋاملىق ئېھراملىق ھالەتتە بولۇشى، باشقىلار بىلەن بولغان ھەرقانداق مۇئامىلىدە چوقۇم راستچىللىق ۋە ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈشى، باشقىلارغا ئازار بېرىپ قويۇش ۋە زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ھەج قىلغانلار ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئۇلۇغ بىر پەرزنى ئادا قىلىشتىن سىرت يەنە، ھەج جەريانىدا ئىنتايىن زۆرۈر بولغان ئۆزئارا كەڭ قورساق بولۇش، ئەزىيەتلەرگە سەۋرچان بولۇش، باشقىلار بىلەن ئاكتىپ ھەمكارلىشىش، ئاجىزلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، ياخشى سۆز قىلىش قاتارلىق ئىسلامىي ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەرنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ قايتسا ئاندىن، ئاللاھنىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ. يەنە كېلىپ ھەج جەريانىدا، ئىسلام دىنىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىش ھەقىقىي ھاجىلىقنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿لَيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ ءَامَنَ باللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَءَاتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِى الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَءَاتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِى الْبَأْسَاءِ والضَّرَّاءِ وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾

**﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزلىنىشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يېقىن تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يول خىراجىتى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر ئىمانىدا راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 177 ـ ئايەت)**

شۇڭا، ھاجىلار ھەرقاچان ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىشى، تىرىشىپ ياخشى ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىشى كېرەك، بولۇپمۇ كېيىن يوقلايدىغان، ئاجىزلارغا ياردەم بېرىدىغان، يامانلىشىپ قالغانلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەيدىغان ئىشلارغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشى كېرەك. مانا بۇ ھاجىلار ھەج جەريانىدا چوقۇم يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم پەزىلەت بولۇپ، ھاجىلار بۇ پەزىلەتنى ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشى، ئېسىل مۇئامىلىسى ۋە پەزىلەتلىرى ئارقىلىق ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە بولۇشى ۋە باشقىلارغا ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇرۇشى كېرەك.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ھاجىلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىسلامغا زىت كېلىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلىپ سالسا، "ھاجى" دېگەن مۇبارەك نامغا داغ چۈشۈرگەن بولىدۇ، شۇنداقلا قىلغان ھەجىنىڭ ساۋابىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ ءَامَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾

**﴿مۆمىنلەر ئۇستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴾ (24 ـ سۈرە / نۇر 19 ـ ئايەت)**

شۇڭا، ھاجىلار ھەج جەريانىدا ۋە ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان ۋە يايىدىغان ئىشلاردىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ ھەج سەپىرى جەريانىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان قىسمەن سەلبىي ئەھۋاللارنى يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كىشىلەرگە سۆز ـ چۆچەك قىلىپ تارقىتىپ، مۇقەددەس جايلار ۋە ھاجىلارنىڭ شەنىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويۇشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى كېرەك. ئەكسىچە مەككە ـ مەدىنىنىڭ ئېسىل تەرەپلىرىنى، ھاجىلارنىڭ ھەج جەريانىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئۈلگىلىك ئىش ـ ئىزلىرىنى، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى كىشىلەرگە كۆپلەپ سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىسلامغا بولغان پەخىرلىنىش، ھەرەمگە بولغان ئىنتىلىش، ھاجىلارغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇش لازىم. ھاجىلار ھەج جەريانىدا

كۆرگەن باشقا ھاجىلار ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىبادەت، ئىلىم ۋە پەزىلەت جەھەتلەردىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقاشقا ۋە تولۇقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

**ئۈچىنچى: ھاجىلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان باشلامچى بولۇش كېرەك.**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿سَابِقُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا كَعَرْضِ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ أُعِدَّتْ لِلَّذِينَ ءَامَنُوا بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ ذَلِكَ فَضْلُ اللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَاءُ وَاللَّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ﴾

**﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا تەييارلانغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئالدىراڭلار، بۇ جەننەت ئاللاھنىڭ خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدىغان پەزلىدۇر، ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر﴾ (57 ـ سۈرە / ھەدىد 21 ـ ئايەت)**

ئەل ـ جامائەتنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ”ھاجى“ بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەربىر ھاجى چوقۇم ياخشى ئىشلاردا ئالدىدا مېڭىشى كېرەك. بولۇپمۇ، خەيرى ـ ئېھسان قىلىش، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، ھەمكارلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ھەممىگە ئۈلگە بولىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ چاقىرىقى بولۇپ، يۇقىرىقى ئايەتتە ئېيتىلغاندەك، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە جەننىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا، ھاجىلار كەمتەر ۋە كىچىك پېئىل بولۇشى، ھەرگىزمۇ «ھاجى» ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ مەنمەنلىك، بىلەرمەنلىك قىلىدىغان، «ھەرەم»دە كۆرگەنلىرىنى پەش قىلىپ دىنغا ئالاقىدار ئىشلارغا ھۆكۈم، پەتىۋا بېرىدىغان قىلمىشلاردىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك.

**تۆتىنچى: بالا ـ چاقىلىرىنى ياخشى تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەش لازىم.**

«قۇرئان كەرىم» ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، كۆپ تەكىتلىگەن ئىشلارنىڭ بىرسى ئۆز پەرزەنتلىرىنى سالىھ پەرزەنتلەردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾

**﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاش يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار. ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾ (66 ـ سۈرە / تەھرىم 6 ـ ئايەت)**

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھەج جەريانىدىكى ھەربىر پائالىيەت پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، مەيلى كەئبىنى تاۋاپ قىلىش بولسۇن، مەيلى سەفا ـ مەرۋىدە سەئيى قىلىش بولسۇن ۋە ياكى شەيتانغا تاش ئېتىش بولسۇن، قۇربانلىق قىلىش بولسۇن، ھەربىر پائالىيەت بىزگە ئاللاھ ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان پىداكار ئاتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى، ئاللاھقا چوڭقۇر، تەۋرەنمەس ئىشەنچ باغلىغان ئۇمىدۋار ئانا ھاجەر ئانىمىزنى، ئەنە شۇ ئاتا ـ ئانا تەربىيەسىدە ئۆسكەن، سالىھ ۋە راستچىل پەرزەنت ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. ھاجىلار ئەنە شۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئاللاھ يولىدىكى ھەقىقىي ئىزلىرىنى كۆرگەن مىنۇتلاردىن باشلاپلا، ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئاللاھنى تونۇيدىغان، ئىمان ـ ئەقىدىلىك، ھايالىق ۋە ئىپپەتلىك، ياخشىلىققا، ئىلىمگە ئىنتىلىدىغان، دىنغا ۋە مىللەتكە پايدىلىق، سالىھ پەرزەنتلەردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئىرادىسىگە كېلىشى لازىم. چۈنكى، ئەل ـ جامائەت ئالدىدا ئۇلۇغ ”ھاجى ھەرەم“ بولۇپ يۈرسەك، ئوغۇل ـ قىزلىرىمىز ئۆزى بىلگەنچە ئىسلامغا يات، ئەخلاقسىز ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە، بۇ، بىر ھاجىغا نىسبەتەن ئىنتايىن نومۇسلۇق ۋە ئېچىنىشلىق ئىش بولغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

مۇشۇ پۇرسەتتە، ھاجىلارنىڭ ئورۇق ـ تۇغقان، بالا ـ چاقىلىرىغا سەممىي ئەسكەرتىمىزكى، بىز ھەم شۇ ھاجىلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ئۇلارنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىگە داغ تەگكۈزىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنىمىزغا بولغان سەممىي ساداقىتىمىزنى ئىپادىلىشىمىز لازىم.

**بەشىنچى : ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتا مۇسۇلمانلارغا يېتەكچى بولۇش كېرەك.**

بىر كىشى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ”ھاجى“ لىق سالاھىيىتى بىلەن ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. جامائەت ۋە جەمئىيەتنىڭ كاتتىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ھاجىلار ئەل ـ جامائەتكە ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا باشلامچى بولۇش بىلەن بىرگە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَلْتَكُن مِّنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

**﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىشىلەرنى خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 104 ـ ئايەت).**

كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان يامان ئىشلارغا، يامان ھەرىكەتلەرگە، ئەخلاقسىزلىقلارغا قارشى ئىنكاس قايتۇرماي، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈش، ئەنە شۇنداق ئىشلارنىڭ تېخىمۇ ئەدەپ كېتىشىگە يول قويغانلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن باش تارتقانلىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يامان ئىشلارغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

[عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : وَالَّذِى نَفْسِى بِيَدِهِ لَتَأْمُرُنَّ بِالْمَعْرُوفِ ، وَلَتَنْهَوُنَّ عَنِ الْمُنْكَرِ ، أَوْ لَيُوشِكَنَّ اللهُ أَنْ يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عِقَابًا مِنْهُ ، ثُمَّ تَدْعُونَهُ فَلَا يُسْتَجَابُ لَكُمْ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**”ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات (يەنى ئاللاھ تائالا) بىلەن قەسەمكى، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشۇڭلار كېرەك، ئۇنداق قىلمىساڭلار، پات يېقىندا ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆز**

**تەرىپىدىن بىر بالا ئەۋەتىدۇ، ئۇ ۋاقتىتا دۇئا قىلساڭلار، دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ.» (ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

شۇڭا، ھەربىر ھاجى ئۆز ئائىلىسىدىكىلەردىن باشلاپ، ئۆز جەمەتى، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى ھەر بىر پۇرسەتتە، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداشقا، ئىسلامىي ئەدەپ - ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە، ئەمەل - ئىبادەتلەرنى كۆپرەك قىلىپ، ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشكە چاقىرىشى لازىم.

قىسقىسى، ھەج پەرزىنىڭ ئورۇندىلىپ ئاياغلىشىشى، ھەرگىز ياخشى ئەمەل ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئاياغلىشىشى ئەمەس، بەلكى باشلىنىشى، بىر كىشىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكى ئەمەس، بەلكى باشلىنىش نۇقتىسى. شۇڭا، جىسمىمىز ئېھرامدىن چىققىنى بىلەن، قەلبىمىز ئەقىدە ۋە ئىمان ئېھراملىقىدىن چىقماسلىقى كېرەك. گەرچە كەئبىنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىش ئاياغلاشقىنى بىلەن ئاللاھنى ياد ئېتىش، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئاياغلاشماسلىقى كېرەك، سەفا - مەرۋە ئارىسىدىكى سەئيى تۈگىگەن بىلەن، ئاللاھقا بولغان تەقۋالىق يولىدىكى سەئيى توختاپ قالماسلىقى كېرەك. شەيتانغا تاش ئېتىش ئاخىرلاشقىنى بىلەن ھاۋايى - نەپسى بىلەن بولغان كۈرەش ئاياغلاشماسلىقى كېرەك.

يۇقىرىقىلار ھەج پەرزىنى ئادا قىلغان ۋە قىلغان ھەجنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشىنى، گۇناھلىرىدىن پاك بولۇشىنى، قىلغان ھەجى بەدىلىگە ئاللاھ تائالانىڭ جەننەتنى مۇكاپات قىلىپ بېرىشىنى تىلەيدىغان، چىن قەلبىدىن ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھەقىقىي ھاجى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھاجىلار ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بولۇپ، ئاللاھ خالىسا، مانا بۇلارغا ئەمەل قىلغانلار ھەقىقىي «ھاجى» بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت - سائادەتكە ئېرىشكۈسى. ئاخىرىدا بارلىق ھاجىلارنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەر ساھەلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۈلگىلىك روللىرىنى جارى قىلدۇرۇشىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىمىزنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى تىلەيمىز.

# ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

## كتاب الإيمان[1](ئىمان ھەققىدە)

**9. عَنْ ابْنِ شِهَابٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ حُمَيْدُ بْنُ عَبْدِ الرَّحْمَنِ سَمِعْتُ مُعَاوِيَةَ خَطِيبًا يَقُولُ سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلىَّ اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: "مَنْ يُرِدِ اللهُ بِهِ خَيْرًا يُفَقِّهْهُ فِي الدِّينِ وَإِنَّمَا أَنَا قَاسِمٌ وَاللهُ يُعْطِي وَلَنْ تَزَالَ هَذِهِ الْأُمَّةُ قَائِمَةً عَلَى أَمْرِ اللهِ لاَ يَضُرُّهُمْ مَنْ خَالَفَهُمْ حَتَّى يَأْتِيَ أَمْرُ اللهِ".**

‘‘ئىبنى شىھابتىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى: ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇررەھمان مۇنداق دېدى: مەن مۇئاۋىيەنىڭ خۇتبە ئوقۇۋاتقان ھالدا: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، ــ دېگىنىنى ئاڭلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ كىمگە ياخشىلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا ،ئۇنى دىني ئىلىملاردا بىلىملىك قىلىدۇ. مەن پەقەتلا بىر تەقسىم قىلىپ بەرگۈچى، ئاللاھ ئاتا قىلغۇچى. بۇجامائە يەنىلا ئاللاھنىڭ دىنى ئىشلىرىدا چىڭ تۇرىدۇ، ئۇلارغا قارشى تۇرغان كىشى ئاللاھنىڭ ئەمرى يېتىپ كەلمىگۈچە ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.‘‘

### المعنى العام (ئومۇمىي مەنىسى)

بينما كان صلى الله عليه وسلم يوزع الصدقات والأعطيات على مستحقيها اعترض أحدهم على القسمة، فقال: اعدل يا رسول الله. قال: ويحك؟ من يعدل إذا لم أعدل؟ تفقه يا هذا في دينك، وتعلم قواعد شريعتك، وتفهم أحكام الإسلام، والرضا بما حكم نبيه، ومن لم يتفقه في الدين حرم الخير، ولم يبال الله به، وإن من فقه الدين أن تعلم يا هذا أن الله هو المعطي، هو مالك الملك يؤتي الملك من يشاء، وينزع الملك ممن يشاء ويعز من يشاء، ويذل من يشاء بيده الخير، إنه على كل شيء قدير، وإن من الدين أن تعلم يا هذا أنني ما أنا إلا قاسم وموزع ومناول، ما أنا إلا أداة منفذة لإرادة الله، وإرادة الله فوق كل شيء، وهو الذي يعطي. تعلم يا هذا فقه الدين، واسلك طريق من أراد اللهُ بهم خيرا، فهم قناديل منيرة في كل عصر، يبقون على الحق ما بقي الزمان، لا يطفئهم أعداء الله، ولا يضرهم العتاة، حتى يأتي أمر الله، وتقوم الساعة.

فاللّٰهُمَّ اجعلنا من الذين يستمعون القول فيتبعون أحسنه، أولئك الذين هداهم الله، وأولئك هم أولو الألباب.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە ۋە سوۋغىلارنى تېگىشلىك كىشىلەرگە تارقىتىۋاتقاندا ئۇلاردىن بىرى تەقسىماتقا نارازى بولۇپ: ‘‘ئى رەسۇلۇللاھ، ئادىل بولسىلا. ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ‘‘ھە! سەنمىدىڭ؟ مەن ئادىل بولمىسام كىم ئادىل بولىدۇ؟ ئى ئادەم! سەن دىنىڭدا بىلىملىك بول. شەرىئىتىڭنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگەن، ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھۆكۈم قىلغان ئىشلارغا رازى بولۇشنى بىل. كىمكى دىنى

---

① «المنهل الحديث في شرح الحديث» دىن بىرىلدى. بېشى ئالدىنقى سانلاردا.

ئىلمىدا بىلىملىك بولمىسا، ياخشىلىقتىن مەھرۇم بولىدۇ. ئاللاھنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئى ئادەم! سېنىڭ شۇنى بىلىشىڭ ھەقىقەتەن دىنى ئىلىمدە بىلىملىك بولۇشىنىڭ جۈملىسىدىنكى: ـ ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاتا قىلغۇچىدۇر. ئۇ پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى. ئۇ خالىغان كىشىگە پادىشاھلىقنى بېرىدۇ. خالىغان كىشىدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىدۇ، خالىغان كىشىنى ئەزىز قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى خار قىلىدۇ. ھەممە ياخشىلىق ئۇنىڭ ئىلكىدە. ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىردۇر. ئى ئادەم! سېنىڭ شۇنى بىلىشىڭ ھەقىقەتەن دىنى ئىلىملەرنىڭ جۈملىسىدىنكى: ـ مەن پەقەتلا بىر تەقسىم قىلغۇچى، تارقاتقۇچى، مەن پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئورۇنلىغۇچى بىر ۋاستە. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. ئاللاھ ئاتا قىلغۇچىدۇر، ئى ئادەم! سەن دىنى ئىلىمنى ئۆگەن. ئاللاھ ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان كىشىلەرنىڭ يولىدا ماڭ. ئۇلار ھەربىر دەۋرنىڭ نۇرلۇق چىراقلىرىدۇر، زامانلا بولىدىكەن ئۇلار ھەقىقەتتە مۇستەھكەم تۇرۇۋېرىدۇ. ئۇلار (نىڭ نۇرلۇق چىرىغى) نى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ئۆچۈرەلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرى يېتىپ كەلمىگۈچە، قىيامەت بولمىغۇچە ياۋۇزلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئى ئاللاھ ! بىزنى سۆزنى ئاڭلايدىغان، ئەڭ ياخشى سۆزگە ئەمەل قىلىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن! ئەنە شۇلار ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلار ئەقىل ئىگىلىرىدۇر.

## المباحث العربيّة (ئەرەب تىلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر)

(عن معاوية بن أبي سفيان) أصل السند في البخاري: قال حميد بن عبد الرحمن: سمعت معاوية خطيبا يقول: (سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول) قال الزمخشري: تقول: سمعت رجلا يقول كذا، فتوقع السمع على الرجل وتحذف المسموع، لأنك وصفت الرجل بما يسمع، في مثل: سمعت رجلا يقول كذا، أو جعلت ما يسمع حالا من الرجل إذا كان معرفة، كما في "سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول": فأغناك الوصف أو الحال عن ذكر المسموع وهو القول. ولولا الوصف أو الحال لم يكن بد من أن يقال: سمعت قول فلان...إلخ. انتهى بتصرف.

«عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ أَبِي سُفْيَانَ » (مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياندىن). رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بۇخارىيدىكى ئەسلىي ئىزچىللىقى مۇنداق: ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇراھمان مۇئاۋىيەنىڭ خۇتبە سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ـ دېدى. ئۇ (مۇئاۋىيە): مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ـ دەيدۇ. زەمەخشەرى مۇنداق دېدى: سەن: "مەن مۇنداق دەۋاتقان بىر ئادەمنى ئاڭلىدىم." دېگەن مەنىدە «سَمِعْتُ رَجُلاً يَقُولُ كَذَا » دەيسەن، شۇنىڭ بىلەن سەن"ئاڭلاش" (السمع) ھەرىكىتىنى ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەيسەن. ئاڭلىنىلغۇچى (سۆز) نى قالدۇرىسەن. چۈنكى سەن «سَمِعْتُ رَجُلاً يَقُولُ كَذَا» دېگەن مىسالدا ھېلىقى ئادەمنى ئاڭلىغانلىقى بىلەن سۈپەتلىدىڭ؛ ياكى ئاڭلىنىلغىنى «سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ» دىكىدەك ئېنىق ھالەتتىكى ئىسىم بولسا «اَلرَّجُلُ» نىڭ ھالىتى قىلدىڭ. سۈپەت بولۇش ياكى ھالەت بولۇش دېيىلگەن سۆزدىن ئىبارەت ئاڭلىنىلغۇچىنى تىلغا ئېلىنىشتىن سېنى بىھاجەت قىلدى، سۈپەت ياكى ھالەت بولمىغان بولسا ئۇ «سَمِعْتُ قَوْلَ فُلاَنٍ ... إلخ» (مەن ... نىڭ ... دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدىم) دېيىلمەي بولمايتتى. ئۇ (زەمەخشەرىنىڭ سۆزى) بىر ئاز ئۆزگەرتىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى.

(مَنْ يُرِدِ اللهُ بِهِ خَيْرًا يُفَقِّهْهُ فِي الدِّينِ) "يُفَقِّهْهُ" بسكون الهاء، مجزوم جوابا للشرط، أي يفهمه، يقال: فقه بضم القاف إذا صار فقيها والفقه سجية له، وفقه بالفتح إذا سبق غيره إلى الفهم، وفقه بالكسر إذا فهم.

«مَنْ يُرِدِ اللهُ بِهِ خَيْرًا يُفَقِّهْهُ فِي الدِّينِ» (ئاللاھ كىمگە ياخشىلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىنى ئىلىملەردە بىلىملىك قىلىدۇ) «ـھـ» ھەرپى سوكۇنلۇق كەلگەن «يُفَقِّهْهُ» شەرتنىڭ جاۋابى بولغانلىقى ئۈچۈن كېسىك فورما (اَلْمَجْزُوم) دا كەلگەن. ئۇ «يُفْهِمْهُ» (ئۇنى چۈشەندۈرىدىغان قىلىدۇ، بىلىملىك قىلىدۇ ) دېگەن مەنىدە. ئەگەر بىلىملىك بولۇش ئۇنىڭ خاراكتېرى بولغان ھالدا "دىنى بىلىملەردە ئالىم بولدى، بىلىملىك بولدى" دېگەن مەنىدە بولسا «ق» ھەرپى پەتھەلىك «فَقَهَ» ئېيتىلىدۇ. ئەگەر "چۈشەندى، بىلدى" دېگەن مەنىدە بولسا «ق» ھەرپى كەسرەلىك «فَقِهَ» ئېيتىلىدۇ.

وَفَقَّهَهُ اللهُ صيره وجعله يفهم، ويسابق في الفهم، ويصبح الفهم سجية وملكة له، ولما كان الفقه في اللغة يشمل الفهم في أي من الأمور، دنيوية أو أخروية خصه هنا بالفهم في الدين، أي فهم كلام الله وكلام رسوله صلى الله عليه وسلم سواء كان في العقائد، أو الأحكام الفرعية، أو مطلق التفسير أو مطلق الحديث أو الآداب، وهو المراد من الخير الخير الأخروي، ونكر "خيرا" ليشمل القليل والكثير، بناء على أن التفقه في الدين موزع يزيد وينقص على مختلف الفقهاء.

«وَفَقَّهَهُ اللهُ» ــ ئاللاھ ئۇنى چۈشۈنىدىغان، بىلىدىغان قىلدى؛ ئاللاھ ئۇنى چۈشىنىشتە، بىلىشتە بەسلىشەلەيدىغان قىلدى؛ ئاللاھ ئۇنى چۈشىنىش، بىلىش ئۇنىڭ بىر خاراكتېرى ۋە ئىقتىدارى بولىدىغان قىلدى ـ دېگەن مەنىلەردە. «فِقْهٌ» سۆزى لۇغەت مەنىسىدە دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك ھەر قانداق بىر ئىشنى بىلىشنى چۈشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدا، ئۇ بىلىش ۋە چۈشىنىشنى دىنى ئىشلارنى بىلىش چۈشىنىشكە يەنى: ئاللاھنىڭ كالامىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بىلىش، چۈشىنىشكە خاسلاشتۇرىدۇ. مەيلى ئۇ دىنى ئەقىدىلەرنى ياكى ياكى تارماق ھۆكۈملەرنى، ياكى تەپسىرشۇناسلىقتىكى ئادەتتىكى ھۆكۈملەرنى ياكى ھەدىسشۇناسلىقتىكى ئادەتتىكى ھۆكۈملەرنى ياكى ئەدەپ ـ ئەخلاقنى چۈشىنىشتە بولسۇن ئوخشاش. «خَيْر» (ياخشىلىق) سۆزىدىن ئىرادە قىلىنغان مەنا ئاخىرەتلىك ياخشى ئىش. دىنى ئىلىملەردە بىلىملىك بولۇش ئوخشىمىغان دىنىي ئالىملارغا ئارتۇق ياكى كەم ھالەتتە بۆلۈپ بېرىلگەنلىكى بىنائەن «خَيْر» سۆزى مىقدارى ئازنىمۇ ياكى مىقدارى كۆپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ئۈچۈن ئېنىقسىز ھالەتتە كەلتۈرۈلدى.

(وَإِنَّمَا أَنَا قَاسِمٌ، وَاللهِ عَزَّ وَجَلَّ يُعْطِي) "إِنَّمَا" أداة قصر، وهو هنا من قصر الموصوف على صفة، وهو غير حقيقي بل إضافي، قصر قلب لمن يعتقد أنه معط فقط، وقصر إفراد لمن يعتقد أنه قاسم ومعط، أي أنا قاسم ولست معطيا أي ما أنا إلا واسطة مناولة وتوصيل، والعطاء الحقيقي كله من الله. والمقسوم والمعطي محذوف للتعميم، أي كل ما أوصله ليس لي فيه إلا المناولة وقصر المقسوم والمعطي على مال الفيء والصدقة مراعاة لسبب ورود الحديث أو قصره على الموحي به وتبليغه مراعاة لصدر الحديث "من يرد الله به خيرا يفقهه في الدين" وقصره على هذا أو ذاك تضييق لواسع. لكن أيا من هذين الأمرين يصلح وجه ارتباط بين هذه الجملة وبين صدر الحديث، وعبر بالمضارع بدل اسم الفاعل في "يعطي" لإفادة التجدد والحدوث وتوالي النعم والعطاء، وجملتا "عز وجل" معترضتان بين المبتدأ والخبر للتنزيه والتقديس.

«وَإِنَّمَا أَنَا قَاسِمٌ، وَاللهُ عَزَّ وَجَلَّ يُعْطِي » (مەن پەقەتلا بىر تەقسىم قىلىپ بەرگۈچى، غالىب، ئۇلۇغ ئاللاھ ئاتا قىلغۇچى) «إِنَّمَا» چەكلەش ۋاستىسى، بۇ يەردىكى چەكلەش ـ سۈپەتلەنگۈچىنى سۈپەت بىلەن چەكلەشنىڭ جۈملىسىدىن. ئۇ (چەكلەش) ھەقىقىي چەكلەش (قَصْرٌ حَقِيقِيٌّ) بولماستىن قوشۇمچە چەكلەش (قَصْرٌ إِضَافِيٌّ). ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) نى پەقەت بەرگۈچى دەپ قارىغان كىشىگە تەتۈر چەكلەش (قَصْرُ قَلْبٍ) بولىدۇ .ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) نى تەقسىم قىلغۇچى ۋە بەرگۈچى دەپ قارىغان كىشىگە تاللىما چەكلەش (قَصْرُ إِفْرَادٍ) بولىدۇ. يەنى ”مەن تەقسىم قىلغۇچى، مەن ئاتا قىلغۇچى ئەمەس، مەن بېرىش ۋە يەتكۈزۈشتىكى بىر ۋاستە. ھەقىقىي ئاتا قىلىشنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىن“ دېگەن بولىدۇ. تەقسىم قىلىنغان نەرسە ۋە ئاتا قىلىنغان نەرسە ئومۇملۇق مەنىسى ئۈچۈن چۈشۈپ قالغان: يەنى: ”مەن يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە مېنى پەقەتلا قولغا يەتكۈزۈپ بېرىشىملا بار.“ دېگەن مەنىدە بولىدۇ. ھەدىسنىڭ كېلىش سەۋەبىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تەقسىم قىلىنغۇچى ۋە بېرىلگۈچى (نەرسە) نى غەنىيمەت مال ۋە سەدىقە بىلەن چەكلەش؛ ياكى ھەدىسنىڭ بېشىدا ”ئاللاھ كىمگە ياخشىلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئۇنى دىنى ئىلىملەردە بىلىملىك قىلىدۇ.“ دەپ كەلتۈرۈلگىنىگە ئاساسەن ئۇ (تەقسىم قىلىنغۇچى) نى ۋەھيي قىلىنغىنى ۋە ئۇ (ۋەھيي) نىڭ يەتكۈزۈلۈشى بىلەن چەكلەش كەڭنى تارايتىشتۇر. بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەر قانداق بىرى بۇ جۈملە بىلەن ھەدىسنىڭ باشلىنىشىنىڭ ئارىسىنى باغلاش سەۋەبىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. يېڭىلىنىپ تۇرۇش، بولۇپ تۇرۇش، نېئمەتلەر ۋە سوۋغىنىڭ ئۇزۇلۇپ قالماسلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «يُعْطِي» پېئىلىدا ئېنىق سۈپەتداشنىڭ ئورنىدا ھازىرقى زامان پېئىلى ئىپادىلەندى. «عَزَّ وَجَلَّ» دىن ئىبارەت ئىككى جۈملە ئاللاھنى پاك ۋە مۇقەددەس دەپ بىلىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇبتەدا بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن قىستۇرما جۈملە.

(وَلَنْ تَزَالَ هَذِهِ الْأُمَّةُ قَائِمَةً عَلَى أَمْرِ اللهِ) أي على دين الله وفقهه، والمراد بالأمة أمة الإجابة، وتصدق ببعض أفرادها، وما يقوم به بعضها يستند وينسب إليها، أي وسيظل بعض أفراد هذه الأمة متفقهين في دين الله. أما من هم المقصودون بهذا البعض؟ فآراء، تأتي في فقه الحديث. وأما علاقة هذه الجملة بما قبلها فهي رفع إيهام أن الخير والتفقه في الدين مرتبط بزمن أو قرون.

«وَلَنْ تَزَالَ هَـذِهِ الْأُمَّةُ قَائِمَةً عَلَى أَمْرِ اللهِ» (بۇ جامائە يەنىلا ئاللاھنىڭ دىنى ئىشلىرىدا چىڭ تۇرىدۇ.) يەنى ئاللاھنىڭ دىنىدا، دىنى ئىلمىدە؛ بۇ جامائەدىن ئىرادە قىلىنغىنى تەلەپنى قوبۇل قىلىدىغان جامائە؛ ۋەھالەنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قىلغان ئىشلار ئۇلارغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان بولىدۇ ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يەنى: بۇ جامائەنىڭ بەزى كىشىلىرى يەنىلا ئاللاھنىڭ دىنى ئىشلىرىدا بىلىملىك بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. ئەمما بۇ بەزى كىشىلەردىن كۆزدە تۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە كەلسەك ھەدىسشۇناسلىقتا كېلىدىغان بىر قانچە قاراش بار. ئەمما بۇ جۈملە بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىكى جۈملىنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك ئۇ ياخشىلىق ۋە دىنى ئىشلاردا ئىلىملىك بولۇش مەلۇم بىر زامان ياكى مەلۇم بىر دەۋر كىشىلىرىگە باغلىق بولىدۇ. ـ دېگەن گۇماننى ئېلىپ تاشلايدۇ.

(لاَ يَضُرُّهُمْ مَنْ خَالَفَهُمْ) أي لا يثنيهم وعد أو وعيد عن قيامهم على دين الله، وجهرهم بالحق، وصلابتهم فيه.

«لاَ يَضُرُّهُمْ مَنْ خَالَفَهُمْ» (ئۇلارغا قارشى تۇرغان كىشى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.) يەنى: قورقۇتۇش ياكى تەھدىت سېلىش ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنى ئىشلىرىدا چىڭ تۇرۇشى، ھەققانىيەتنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشى، ھەققانىيەتتە مۇستەھكەم تۇرۇشىدىن ۋاز كەچكۈزەلمەيدۇ.

(حَتَّى يَأْتِيَ أَمْرُ اللهِ) أي قيام الساعة. أي إلى نهاية الدنيا، وبعدها يكون الحكم لله وحده، والأمر لله وحده، ولا تكليف، فلا وجه للاستشكال بأن ما بعد "حتى" يخالف ما قبلها، فيترتب عليه أن هذه الأمة بعد قيام الساعة لا تقوم على أمر الله، أو يضرها حينئذ من خالفها، وقيل: إن لفظ الغاية قصد به التأبيد، كقوله تعالى﴿خَالِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ﴾ أي قائمين على دين الله أبدا، أو لا يضرهم من خالفهم أبدا وقيل: المراد من أمر الله الثاني فتنة الدجال، فما بعد الغاية يخالف ما قبلها وأحسن التوجيهات هو الأول.

«حَتَّى يَأْتِيَ أَمْرُ اللهِ» (ئاللاھنىڭ ئەمرى يېتىپ كەلمىگىچە) يەنى قىيامەت ۋاقتى بولغاندا: بۇ دۇنيا ئاخىرلاشقۇچە؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈم قىلىش يالغۇز ئاللاھقا خاس بولىدۇ، ئەمر قىلىش يالغۇز ئاللاھقا مەنسۇپ بولىدۇ. «حَتَّى» دىن كېيىنكى مەنا ئۇنىڭ ئالدىدىكىسىگە زىت بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىن "بۇ جامائە قىيامەت ۋاقتى بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئەمرىدە چىڭ تۇرمايدۇ. ياكى ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان كىشى زىيان يەتكۈزىدۇ." ئۇقۇمى كېلىپ چىقىدۇ — دېيىش بىلەن زومۇزور مۇرەككەپلەشتۇرۇشكە بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىشقا ھېچبىر سەۋەبمۇ يوق. مۇنداق دېيىلدى: ئاخىرقى چەك مەنىسىدىكى سۆز «حَتَّى» بىلەن **﴿(دوزاخنىڭ)ئاسمان ـ زېمىنى مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن ئۇلار دوزاختا تۇرۇۋېرىدۇ﴾ (11 ـ سۈرە / ھۇد 107 ـ ئايەت)** ئايىتىدىكىدەك تەكىت مەنىسى مەقسەت قىلىنغان؛ يەنى: «ئۇلارغا قارشى تۇرغان كىشى ئۇلارغا مەڭگۈ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.»

يەنە مۇنداق دېيىلدى: ئىككىنچى «أَمْرُ اللهِ» دىن ئىرادە قىلىنغان مەنا دەججالنىڭ پىتنىسى (ئازدۇرۇشى)؛ شۇڭا ئاخىرقى چەك مەنىسى (حَتَّى) دىن كېيىنكى مەنا ئۇنىڭ ئالدىدىكى مەناغا زىت بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئېھتىماللىقلارنىڭ ياخشىراقى بىرىنچىسى.

## فقه الحديث (ھەدىسشۇناسلىق)

إذا كان الحديث قد سيق إثر اعتراض أحد الصحابة على عطاء أعطيه من رسول الله صلى الله عليه وسلم دون ما كان يطمع، أو اعتراضه على تقسيم الرسول صلى الله عليه وسلم لبعض الفيء والصدقات، فإنّه أريد به إلزام المعترض بالتسليم، وإرشاده إلى الاستزاد من التفقه في دين الله، ليعلم أن الإيمان الحقيقي في قبول ما جاء وما يجئ به محمد صلى الله عليه وسلم وأن ﴿مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللهَ﴾، وتوجيهه إلى فهم قوله تعالى ﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾

وإذا كان هذا هو المورد فإن العبرة بعموم اللفظ لا بخصوص السبب.

ئەگەر ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بېرىلگەن، ئۈمىد كۈتۈلۈۋاتقىنى بولمىغان بىر سوۋغىغا ساھابىلارنىڭ بىرىنىڭ نارازى بولۇشىدىن كېيىن ياكى ئۇنىڭ بىر قىسىم غەنىيمەت ۋە سەدىقىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقسىم قىلىشىغا نارازى بولغىنىدىن كېيىن

سۆزلىنىلگەن بولسا ئۇنداقتا ھەدىستىن نارازى بولغۇچىنىڭ بويسۇنۇشىنىڭ لازىملىقى ئىرادە قىلىنغان ۋە ئۇنى ئاللاھنىڭ دىنى ئىشلىرىدا بىلىملىك بولۇشتىن ئوزۇق ئېلىشقا يېتەكلەش ئىرادە قىلىنغان بولىدۇ. ئاشۇنداق بولۇشى ئۇ (نارازى بولغۇچى) نىڭ شۇنى بىلىشى ئۇچۇنكى: ھەقىقىي ئىمان پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ۋە ئېلىپ كېلىدىغان ۋەھيىنى ۋە ﴿**كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى قوبۇل قىلىشتا بولىدۇ. ۋە ھەقىقىي ئىمان ئۇنىڭ مۇنۇ ئايەتنى چۈشىنىشكە يۈزلىنىشىدە بولىدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، مۇناپىقلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە چىن كۆڭلىدىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ**﴾

ئەگەر بۇ (ھەدىس) مەنبە بولىدىغان بولسا ئۇنداقتا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى سەۋەبنىڭ خاسلىقىدا ئەمەس، ئېيتىلىشىنىڭ ئومۇملىقىدا بولىدۇ.

## يُؤْخَذُ مِنَ الْحَدِيث (ھەدىستىن مۇنۇلار ئېلىنىدۇ)

1- أن التفقه في الدين خير، قال الحافظ: ومفهومه أن من لم يتفقه في الدين ويعلم قواعد الإسلام، وما يتصل بها من الفروع فقد حرم الخير.

دىنى ئىشلاردا بىلىملىك بولۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. ھاپىز مۇنداق دېدى: ئۇ (ھەدىس) تىن چۈشىنىلىدىغىنى: دىنى ئىشلاردا بىلىملىك بولمىغان، ئىسلام دىنى قائىدىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى بىلمىگەن كىشى ياخشىلىقتىن مەھرۇم بولىدۇ.

2- أن التفقه في الدين لا يكون بالاكتساب فقط، بل بالاكتساب لمن يفتح الله عليه به.

دىنى ئىشلاردا بىلىملىك بولۇش پەقەت تىرىشىش بىلەنلا بولمايدىغانلىقى، بەلكى ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنىڭ تىرىشىشى بىلەن بولىدىغانلىقى؛

3- أن من يفتح الله عليه بذلك سيبقى جنسه موجودا حتى يرث الله الأرض ومن عليها، وفي نوعية هذا الجنس قال بعضهم: هم أهل العلم بالقرآن والحديث والآثار، وقال الإمام أحمد: إن لم يكونوا أهل الحديث فلا أدري من هم؟ وقال القاضي عياض: أراد أحمد: أهل السنة ومن يعتقد مذهب أهل الحديث، وهذا توجيه حسن، ووسع الإمام النووي الدائرة فقال: يحتمل أن تكون هذه الطائفة من أنواع المؤمنين، ممن يقيم أمر الله تعالى من مجاهد ومن زاهد، ومن آمر بالمعروف، ومن فقيه ومحدث وغير ذلك من أنواع الخير، ومن حيث اجتماع هذه الطائفة في مكان قال: ولا يلزم اجتماعهم في مكان واحد بل يجوز أن يكونوا متفرقين .اهـ.

ئاللاھ ئاشۇنداق بولۇشقا ھىدايەت قىلغان كىشىنىڭ تۈرىدىكىلەر ئاللاھ زېمىننى ۋە زېمىن ئۈستىدىكى نەرسىلەرگە ۋارىسلىق قىلغانغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى. بۇ تۈرنىڭ تۈر ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا بەزىلەر مۇنداق دېدى: "ئۇلار قۇرئان، ھەدىس، ئەسەر (ساھابىلەرنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرى) دە ئىلىم ئەھلىلىرى." ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېدى: "ئۇلار ئەھلى ھەدىس (پەتىۋا ئىشلىرىدا قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاساسەن ئىش كۆرىدىغان فىقھى ئالىملىرى) بولمىسا ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى مەن بىلمەيۋاتىمەن." قازى ئىياز مۇنداق دېدى: "ئەھلى سۈننە ۋە ئەھلى ھەدىس مەزھىپىگە ئىشىنىدىغان كىشى." بۇ ياخشى بىر ئېھتىماللىق. ئىمام نەۋەۋى دائىرىنى كەڭەيتىپ مۇنداق دېدى: "بۇ تائىپە

مۆئمىنلەرنىڭ بىر قانچە تۈرلىرىدىن بىر قىسمى: يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلايدىغان مۇجاھىدلار، زاھىدلار (دۇنياغا بېرىلمەي ئىبادەت قىلغۇچىلار)، ياخشى ئىشقا بۇيرىغۇچىلار، فىقھشۇناسلار، ھەدىسشۇناسلار ۋە باشقا بىر قانچە تۈردىكى ياخشى تۈردىكى كىشىلەردىن بولۇشى ئېھتىمال.“ بۇ تائىپىنىڭ بىر يەرگە توپلانغان بولۇشى زۆرۈر بولمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ تارقاق بولۇشىمۇ جائىز بولىدۇ.

وفي استمرار هذا النوع إلى قيام الساعة كلام كثير استدعاه أحاديث صحيحة، منها "لا تقوم الساعة إلا على شرار الناس". "يذهب الصالحون الأول فالأول، ويبقى حفالة، كحفالة الشعير أو التمر (أي ما يتساقط من قشور الشعير والتمر) لا يباليهم الله باله". "تذهبون الخير فالخير، حتى لا يبقى منكم إلا حثالة كحثالة التمر، ينزو بعضهم على بعض نزو المعز (أي يركب بعضهم بعضا) على أولئك تقوم الساعة". "خير القرون قرني، ثم الذين يلونهم، ثم الذين يلونهم، ثم الذين يلونهم، ثم يكون بعدهم قوم يشهدون ولا يستشهدون ويخونون ولا يؤتمنون، وينذرون ولا يوفون، ويظهر فيهم السمن" وفيه "يبعث الله ريحا طيبة، فتوفي كل من في قلبه مثقال حبة خردل من إيمان."

بۇ تۈرنىڭ قىيامەت بولغۇچە داۋاملىشىشى ھەققىدە سەھىھ ھەدىسلەر زۆرۈر دەپ ھېسابلىغان نۇرغۇن سۆزلەر بار؛ مۇنۇلار ئاشۇ سۆزلەرنىڭ جۈملىسىدىن: ”پەقەت ئاشۇ ئەسكى ئادەملەرنىڭ ۋاقتىدىلا قىيامەت قايىم بولىدۇ.“ ”ياخشىلار ئارقىمۇ-ئارقا، بىر-بىرلەپ كېتىپ قالىدۇ. ئارپا ياكى خورمىنىڭ قالدۇقلىرى (تۆكۈلۈپ چۈشۈۋاتقان ئارپا ۋە خورما ئۇۋاقلىرى) غا ئوخشاش ئاللاھ پەرۋامۇ قىلمايدىغان چۈپرەندە ئادەملەرلا قالىدۇ.“ ”ياخشىلار ئارقا-ئارقىدىن كېتىپ قالىدۇ، ھەتتاكى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن خورما قالدۇقلىرىغا ئوخشاش چۈپرەندىلەرلا قالىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە تېكە ئارتىلغاندەك ئارتىلىدۇ (يەنى بەزىسى بەزىسىگە مىنىدۇ). ئەنە شۇلارنىڭ ۋاقتىدا قىيامەت قايىم بولىدۇ.“ ”زاماندىشىلارنىڭ ياخشىراقى ماڭا زامانداش بولغانلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئۇلاردىن كېيىن شۇنداق كىشىلەر كېلىدۇكى: گۇۋاھلىققا چاقىرىلماي تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئامانەت بېرىلمەي تۇرۇپ خىيانەت قىلىدۇ، ۋەدە بېرىدۇيۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدۇ. ئۇلاردا سېمىزلىك پەيدا بولىدۇ.“ ئاشۇ چاغدا ”ئاللاھ ئىللىق بىر شامال چىقىرىدۇ-دە ئۇ (شامال) قەلبىدە زەررىچە ئىمان بولغان كىشىنىڭ ھەممىسىنى قەبزى روھ قىلىدۇ.“

هذه الأحاديث في البخاري ومسلم، ويتعارض ظاهرها مع حديثنا، قال الحافظ ابن حجر: وجدت في هذا مناظرة. أخرج الحاكم أن عبد الله بن عمرو قال: لا تقوم الساعة إلا على شرار الخلق، هم شر من أهل الجاهلية. فقال عقبة بن عامر: أعلم ما تقول، وأما أنا فسمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: لا تزال عصابة من أمتي يقاتلون على أمر الله، ظاهرين، لا يضرهم من خالفهم حتى تأتيهم الساعة، وهم على ذلك."

فقال عبد الله: أجل "ويبعث الله ريحا، ريحها المسك، ومسها مس الحرير، فلا تترك أحدا في قلبه مثقال حبة من إيمان إلا قبضته، ثم يبقى شرار الناس، فعليهم تقوم الساعة."

بۇلار بۇخارىي ۋە مۇسلىمدىكى ھەدىسلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاشكارا مەنىسى بىزنىڭ بۇ ھەدىسىمىزگە ماس كەلمەيدۇ. ھاپىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېدى: مەن بۇنىڭدا بىر تالاش-تارتىش بارلىقىنى بىلدىم. ھاكىم ئابدۇللا ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: ”قىيامەت پەقەت كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرىنىڭ ۋاقتىدىلا بولىدۇ. ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەردىنمۇ

يامانراق.“ ئەقەبە ئىبنى ئامىر مۇنداق دېدى: سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىزنى بىلمەن، ئەمما مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر جامائە ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئاشكارا ھالدا ئۇرۇش قىلىۋېرىدۇ، ئۇلارغا قارشى تۇرغان كىشى قىيامەت ئۇلارغا كەلمىگىچە ئۇلارغا ئاشۇ ھالەتتە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.“

ئابدۇللاھ مۇنداق دېدى: ”شۇنداق، ئاللاھ ھەدى ئىپارغا ئوخشاش، تېگىشى يىپەكنى تېگىشكە ئوخشاش بىر شامالنى ئەۋەتىدۇ، قەلبىدە زەررىچە ئىمان بار كىشىنى قەبزى روھ قىلماستىن قالدۇرۇپ قويمايدۇ، ئاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا قىيامەت بولىدۇ.“

قال الحافظ ابن حجر: فعلى هذا فالمراد من قوله في حديث عقبة "حتى تأتيهم الساعة" ساعتهم هم، وهي وقت موتهم بهبوب الريح. اهـ.

ويمكن في حديثنا حمل قوله "حتى يأتي أمر الله" على معنى: حتى يأتي أمر الله بهذه الريح فتقبضهم" والله أعلم.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېدى: بۇنىڭغا ئاساسەن ئەقەبەنىڭ ھەدىسىدىكى”ئۇلارغا قىيامەت كەلمىگىچە“ دېگەن سۆزدىن ئىرادە قىلىنغان مەنا: ئۇلارنىڭ شامال چىقىشى بىلەن ئۆلۈشىدىن ئىبارەت ۋاقتى (كەلمىگىچە)ـ بولىدۇ.

ھەدىسىمىزدىكى ”ئاللاھنىڭ ئەمرى يېتىپ كەلمىگىچە“ دېگەن سۆز ”ئاللاھنىڭ بۇ شامالغا قىلغان ئەمرى يېتىپ كېلىپ ئۇلارنى قەبزى روھ قىلمىغۇچە“ دېگەن مەنىگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئاللاھ ھەممىدىن بىلگۈچىدۇر.

4- وفي الحديث بيان ظاهر لفضل العلماء على سائر الناس.

ھەدىستە ئالىملارنىڭ باشقا كىشىلەرگە نىسبەتەن ئارتۇقچىلىقىنىڭ روشەن بايانى بار .

5- ولفضل التفقه في الدين على سائر العلوم.

دىنى ئىلىملەردە بىلىملىك بولۇشنىڭ باشقا بىلىملەردىن ئەۋزەل بولىدىغانلىقىنىڭ (روشەن بايانى بار)

6- أخذ منه بعضهم دليلا على حجية الإجماع، لأن مفهومه أن الحق لا يعدو هذه الأمة.

بەزىلەر بۇ ھەدىستىن ئىجمائ (بىر دەۋردىكى ئىسلام دىنىدىكى نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ شەرئەت ھۆكۈمى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن پىكرى) نىڭ پاكىتلىنىشىغا دەلىل ئالدى، چۈنكى ھەدىستىن چۈشۈنىلىدىغىنى: ھەققانىيەت بۇ جامائەدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ.

7- استدل به البعض على امتناع خلو أي عصر عن مجتهد.

بەزىلەر بۇ ھەدىس بىلەن ھەر قانداق بىر دەۋر نوپۇزلۇق دىني ئالىمدىن خالي بولالايدىغانلىقىغا دەلىل كەلتۈردى.

8- فيه أدبه صلى الله عليه وسلم ورأفته بأمته، حيث لم يغلظ القول لمن اعترض عليه بل وجهه برفق إلى تعلم الدين.

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە نارازى بولغان كىشىگە قوپال گەپ قىلماستىن، بەلكى ئىللىقلىق بىلەن دىنى ئىشلاردىن بىلىم ئېلىشقا يۈزلەندۈرۈش جەھەتتىكى ئەدەپـ ئەخلاقى، ئۈممىتىگە بولغان چوڭقۇر مېھرىبانلىقى بار.

9- وفيه اعترافه بأن المعطي لكل شيء هو الله تعالى وأن الإنسان ما هو إلا واسطة.

ھەدىستە ھەربىر نەرسىنى ئاتا قىلغۇچى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكى، ئىنسان پەقەت بىر ۋاستە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بار.

10- وفيه إخباره صلى الله عليه وسلم بالمغيبات، وما يكون في آخر الزمان والله أعلم.

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيىپ ئىشلار ۋە زامان ئاخىرىدا بولىدىغان ئىشتىن خەۋەر بېرىشى بار. (ئاللاھ ھەممىدىن بەك بىلگۈچىدۇر)

## أَسْئِلَةٌ (سوئاللار)

1. اشرح الحديث بأسلوبك، ووجه ما قيل في إيقاع السمع على الشخص دون المسموع، في مثل قولنا: سمعت فلانا يقول كذا.

ھەدىسنى ئۆز ئۇسلۇبىڭىز بىلەن چۈشەندۈرۈڭ. "مەن پالانىنىڭ مۇنداق دەۋاتقان ھالدا ئاڭلىدىم" دېگەنگە ئوخشاش سۆزىمىزدە "ئاڭلاش" ھەرىكىتىنى ئاڭلىنىدىغان نەرسىگە ئەمەس ئادەم ئۈستىگە يۈكلىگەنلىك ھەققىدە دېيىلگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ.

2. واضبط بالشكل كلمة "يفقهه" مبينا موقعها من الإعراب. وافرق في المعنى بين فقه بضم القاف وفتحها وكسرها. ووضح المراد هنا.

«يفقهه» سۆزىنى ئۇنىڭ تۈرلىنىش جەھەتتىكى گىراماتىكىلىق ئورنىنى بايان قىلغان ھالدا تەلەپپۇز بەلگىلىرى بىلەن توغرىلاڭ. «ق» دەممىلىك كەلگەن « فَقُهَ » بىلەن پەتھەلىك ۋە كەسرىلىك كەلگەنلىرىنىڭ ئارىسىنى مەنا جەھەتتىن ئايرىڭ ۋە بۇ يەردە ئىرادە قىلىنغان مەنىنى چۈشەندۈرۈڭ.

3. ما المراد من الخير؟ ولم نكر "خيرا"؟

«الخير» دىن ئىرادە قىلىنغان مەنا نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ «خَيْرًا» شەكلىدە ئېنىقسىز ھالەتتە كەلتۈرۈلدى؟

4. "إنما أنا قاسم" أسلوب قصر. فما طريقه؟ ما نوعه؟ وماذا أفاد؟

«إِنَّمَا أَنَا قَاسِمٌ» چەكلەش مەنىسىدىكى جۈملە شەكلى، چەكلەشنىڭ ئۇسۇلى قايسى؟ چەكلەشنىڭ تۈرى قايسى؟ ئۇ نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

5. علام عطف "والله يعطى"؟ وهل تدخل هذه الجملة في القصر؟ وماذا أفاد التعبير فيها بالمضارع "يعطى"؟

« والله يعطى » جۈملىسى نېمىگە باغلىنىلغان؟ بۇ جۈملە چەكلەش دائىرىسىگە كىرەمدۇ؟ بۇ جۈملىنى ھازىرقى زامان پېئىلى «يعطى» بىلەن ئىپادىلەش نېمىنى بىلدۈردى؟

6. ما المراد من المقسوم والمعطى؟ ومن المقصودون من الأمة؟

تەقسىم قىلىنغۇچى (المقسوم) دىن ۋە بېرىلگۈچى (المعطى) دىن ئىرادە قىلىنغان مەنا نېمە؟ بۇ جامائە (الأمة) دىن كۆزدە تۇتۇلغان كىشىلەر كىم؟

7. ما المراد من أمر الله الأول والثاني؟ وما علاقة هذه الجملة بما قبلها؟

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى «أمر الله» سۆزىدىن ئىرادە قىلىنغان مەنا قايسى؟ بۇ جۈملىنىڭ ئالدىدىكىسى بىلەن مۇناسىۋىتى قانداق؟

8. قيل: إن ما بعد "حتى" يخالف ما قبلها، فاستشكل بهذا على الحديث. فماذا قيل؟ ما رأيك فيما قيل؟

«حتى» نىڭ كەينىدىكىسى ئۇنىڭ ئالدىدىكىسىگە زىت دېيىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەدىسكە

مۇرەككەپلىك ئېلىپ كېلىندى. نېمە دېيىلدى؟ سىزنىڭ دېيىلگەنلىرىگە قارىشىڭىز قانداق؟

9. من القواعد: العبرو بعموم اللفظ لا بخصوص السبب. طبق هذه القاعدة على الحديث.

سەۋەبنىڭ خاسلىقىنى ئەمەس، ئېيتىلغىنىنىڭ ئومۇملىقىنى ئېتىبارغا ئېلىش بىر قائىدە، بۇ قائىدىنى ھەدىسكە تەتبىقلاڭ.

10. اذكر ما يؤخذ منه من الأحكام، واجمع بينه وبين الأحاديث الدالة على أن الساعة لا تقوم إلا على شرار الخلق.

ھەدىستىن ئېلىنغان ھۆكۈملەرنى سۆزلەڭ. ھەدىس بىلەن "قىيامەت يامان كىشىلەرنىڭ ۋاقتىدىلا بولىدۇ." غانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەرنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۇرۇڭ.

## شَرْحُ الْكَلِمَاتِ

| | |
|---|---|
| سَمِعْتُ رَجُلًا يَقُولُ / سَمِعْتُ قَوْلَ رَجُلٍ قَائِلٍ | مەن...دەۋاتقان بىر ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىم |
| سَمِعْتُ الرَجُلَ يَقُولُ | مەن ھېلىقى ئادەمنىڭ...دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم |
| خَطِيبٌ ج خُطَبَاءُ / حَسَنُ الْخُطْبَةِ | نۇتۇق سۆزلىگۈچى، ناتىق؛ خۇتبە ئوقۇغۇچى |
| خَطِيبٌ / مَنْ يُلْقِي الْخُطْبَةَ | خېتىپ |
| خَيْرٌ / أَحْسَنُ (اسم التفضيل) | ئەڭ ياخشى؛...دىن ياخشىراق |
| خَيْرٌ / ضِدَّ شَرٍّ | ياخشى ئىش؛ ياخشىلىق، ياخشى |
| خَيْرٌ ج خِيَارٌ / كَثِيْرُ الْخَيْرِ, مُحْسِنٌ | ياخشىلىق قىلغۇچى، ياخشى كىشى |
| فَقَّهَ فُلاَنًا / عَلَّمَهُ و أَفْهَمَهُ | بىلدۈردى، بىلىملىك قىلدى، چۈشەندۈردى |
| فَقَّهَ فُلاَنًا / صَيَّرَهُ فَقِيهًا | ئىسلام دىنى ئالىمى قىلدى، دىنى ئىلىمدا بىلىملىك قىلدى |
| إِنَّمَا ... / مَا ... إِلاَّ ... | پەقەتلا...، پەقەت... |
| لاَ يَزَالُ يَفْعَلُ ... | ھېلىمۇ...ۋاتىدۇ، يەنىلا...قىلىۋاتىدۇ، ...قىلىۋېرىدۇ |
| قَامَ يَقُومُ قِيَامًا عَلَى الْأَمْرِ / دَامَ و ثَبُتَ | ... دا چىڭ تۇردى |
| عَلَى أَمْرِ اللهِ / عَلَى دِيْنِ اللهِ | ئاللاھنىڭ دىنىدا |
| قَائِمٌ عَلَى أَمْرِ اللهِ | ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرغۇچى |
| اَلْأُمَّةُ / اَلْجَمَاعَةُ | جامائە |
| خَالَفَ هُ / ضِدَّ وَافِقَه | قوشۇلمىدى، قارشى تۇردى |
| خَالَفَ النِّظَامَ / ضَادَّهُ | خىلاپلىق قىلدى ، ئەمەل قىلمىدى |
| حَتَّى يَأْتِيَ / إِلَى أَنْ يَأْتِيَ | ... كەلگۈچە |
| لاَ ... حَتَّى يَأْتِيَ .... | ... كەلمىگۈچە ... مايدۇ |

## اَلْمَعْنَى الْعَامّ

| | |
|---|---|
| وَزَّعَ المَالَ عَلَيْهِمْ / قَسَّمَهُ بَيْنَهُمْ | بۆلۈپ بەردى ، تارقاتتى |
| عَطَاءٌ ج أَعْطِيَةٌ جج أَعْطِيَاتٌ / هِبَةٌ | سوۋغا |
| مُسْتَحِقٌّ ج مُسْتَحِقُّونَ / مُسْتَأْهِلٌ | تېگىشلىك بولغۇچى، ھەقلىق بولغۇچى |

| | |
|---|---|
| مُسْتَحِقُّوهَا | ئۇنىڭغا تېگىشلىك كىشىلەر، ھەقلىق كىشىلەر |
| اِعْتَرَضَ عَلَيْهِ / اِحْتَجَّ , أَبْدَى مُعَارَضَتَهُ لَهُ | نارازى بولدى |
| قِسْمَةٌ / تَقْسِيمٌ | تەقسىمات |
| قِسْمَةٌ / نَصِيبٌ، قَدَرٌ | نەسىۋە، ئۈلۈش ؛ قىسمەت |
| وَيْحَكَ؟ (بمعنى تعجّب) | پاھ! سەنمىدىڭ؟ |
| مَنْ يَعْدِلْ إِذَا لَمْ أَعْدِلْ | مەن ئادىل بولمىسام كىم ئادىل بولىدۇ؟ |
| تَفَهَّمَ الْكَلاَمَ / فَهِمَهُ شَيْئًا فَشَيْئًا | تەدرىجىي چۈشەندى ، بىلدى |
| حَرَمَ يَحْرُمُ حَرْمًا و حِرْمَانًا فُلاَنًا الشيءَ/ مَنَعَهُ إِيَّاهُ | چەكلىدى ، مەھرۇم قىلدى |
| حُرِمَ الْخَيْرَ | ئۇ ياخشىلىقتىن مەھرۇم بولدى |
| بَالَى يُبَالِي مُبَالاَةً بِهِ / اِهْتَمَّ بِهِ | كۆڭۈل بۆلدى |
| لَمْ يُبَالِ اللهَ بِهِ | ئاللاھنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشەلمىدى |
| فِقْهُ الدِّينِ | دىن شۇناسلىق، دىنىي ئىلىم |
| مُلْكٌ / مَا يُمْلَكُ و يُتَصَرَّفُ | مال ـ مۈلۈك، بايلىق |
| مُلْكٌ / مَنْصِبُ الْمَلِكِ وَ سُلْطَانُهُ | پادىشاھلىق، سەلتەنەت |
| مَالِكُ الْمُلْكِ | پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى |
| نَاوَلَ الشَّيْءَ فُلاَنًا / أَعْطَاهُ إِيَّاهُ مَادًّا بِهِ يَدَهُ | ئۆز قولىغا يەتكۈزۈپ بەردى |
| مُوَزِّعٌ و مُنَاوِلٌ | تارقاتقۇچى ۋە قولىغا يەتكۈزگۈچى |
| أَدَاةٌ مُنَفِّذَةٌ | ئورۇنلىغۇچى ۋاستە |
| قِنْدِيلٌ ج قَنَادِيلُ / مِصْبَاحٌ | چىراق |
| مَا بَقِيَ الزَّمَانُ | زامانلا بولىدىكەن |
| أَطْفَأَ النَّارَ / أَخْمَدَهَا | ئۆچۈردى |
| عَاتٍ ج عُتَاةٌ / جَبَّارٌ وظَالِمٌ و بَاغٍ و مُسْتَبِدٌّ | ياۋۇز، زالىم، مۇستەبىت |
| تَقُومَ السَّاعَةُ / يَحُونَ وَقْتُ الْقِيَامَةِ | قىيامەت ۋاقتى بولىدۇ، قىيامەت بولىدۇ |
| اِتَّبَعَ مَا جَاءَ فِي الْقُرْآنِ / عَمِلَ بِمَا جَاءَ فِيهِ | ئەمەل قىلدى |
| يَتَّبِعُونَ أَحْسَنَهُ | ئۇلار ئەڭ ياخشى سۆزگە ئەمەل قىلىدۇ |
| أُوْلُو الأَلْبَابِ | ئەقىل ئىگىلىرى |

**المباحث العربية**

| | |
|---|---|
| أَصْلُ السَّنَدِ | رىۋايەت قىلغۇچىلار ئەسلى زەنجىرى، ئىزچىللىقى |
| تُوْقِعُ السَّمْعَ عَلَى الرَّجُلِ | سەن ئاڭلاش (ھەرىكىتى) نى ھېلىقى ئادەمگە يۈكلەيسەن |
| تَحْذِفُ الْمَسْمُوعَ | ئاڭلىنىدىغان (سۆز) نى قالدۇرىسەن |
| حَالٌ مِنَ الرَّجُلِ | «اَلرَّجُلُ» نىڭ ھالىتى |
| مَعْرِفَةٌ / اِسْمٌ مَعْرِفَةٌ | ئېنىق ھالەتتىكى ئىسىم |

| | |
|---|---|
| لَمْ يَكُنْ بُدٌّ مِنْ أَنْ يُقَالَ ... | ... دېيىلمەي بولمىدى |
| اِنْتَهَى بِتَصَرُّفٍ | بىرئاز ئۆزگەرتىپ ئېلىش بىلەن ئاخىرلاشتى |
| سَجِيَّةٌ ج سَجَايَا / خُلُق و طَبِيعَة | خۇلۇق، مىجەز، خاراكتېر |
| سَبَقَ يَسْبُقُ سَبْقًا فُلاَنًا إِلَى الْأَمْرِ | ....نى ....دىن ئىلگىرى قىلدى |
| سَبَقَ غَيْرَهُ إِلَى الْفَهْمِ | ئۇ باشقىلاردىن ئىلگىرى چۈشەندى، باشقىلاردىن چۈشىنىشتە ئۆتۈپ كەتتى |
| يُسَابِقُ فِي الْفَهْمِ | ئۇ چۈشىنىشتە بەسلىشىدۇ |
| مَلَكَةٌ ج مَلَكَاتٌ / صِفَةٌ رَاسِخَةٌ فِي النَّفْسِ أَوْ اسْتِعْدَاءٌ عَقْلِيٌّ خَاصٌّ | ئالاھىدىلىك، ئىقتىدار، ئىستىدات |
| فِي اللُّغَةِ / لُغَةً | لۇغەت مەنىسىدە، لۇغەت مەنىسى جەھەتتە |
| خَصَّ يَخُصُّ خَصًّا و خُصُوصًا فُلاَنًا بِأَمْرٍ / آثَرَ بِهِ عَلَى غَيْرِهِ | ....نى .... گە خاسلاشتۇردى |
| اَلْأَحْكَامُ الْفَرْعِيَّةُ | تارماق ھۆكۈملەر |
| مُطْلَقٌ مِنْ الْأَحْكَامِ / مَا لاَ يَقَعُ فِيهِ اسْتِثْنَاءٌ | ئادەتتىكى ھۆكۈم |
| مُطْلَقُ التَّفْسِيْرِ | تەپسىرشۇناسلىقتىكى ئادەتتىكى ھۆكۈم |
| مُطْلَقُ الْحَدِيثِ | ھەدىسشۇناسلىقتىكى ئادەتتىكى ھۆكۈم |
| اَلْخَيْرُ الْأُخْرَوِيُّ | ئاخىرەتلىك ياخشى ئىش |
| يَشْمَلُ الْقَلِيلَ و الْكَثِيرَ | ئۇ مىقدارى ئازنىمۇ ۋە كۆپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| بِنَاءً عَلَى أَنَّ .... | ... ئىكەنلىكىگە بىنائەن، ... غانلىقى ئاساسىدا |
| أَدَاةُ قَصْرٍ | چەكلەش ۋاستىسى |
| قَصْرُ الْمَوْصُوفِ عَلَى صِفَةٍ | سۈپەتلەنگۈچىنى سۈپەت بىلەن چەكلەش |
| حَقِيقِيٌّ / قَصْرٌ حَقِيقِيٌّ | ھەقىقىي چەكلەش |
| غَيْرُ حَقِيقِيٍّ / غَيْرُ قَصْرٍ حَقِيقِيٍّ | ھەقىقىي بولمىغان چەكلەش |
| إِضَافِيٌّ / قَصْرٌ إِضَافِيٌّ | قوشۇمچە چەكلەش |
| قَصْرُ قَلْبٍ | تەتۈر چەكلەش |
| قَصْرُ إِفْرَادٍ | تاللىما چەكلەش |
| وَاسِطَةُ مُنَاوَلَةٍ و تَوْصِيلٍ | بېرىش ۋە يەتكۈزۈش ۋاستىسى |
| اَلْمَقْسُومُ وَالمُعْطَى | تەقسىم قىلىنغان ۋە بېرىلگەن (نەرسە) |
| فَيْءٌ ج أَفْيَاءٌ / غَنِيمَةٌ تَنَالُ بِلاَ قِتَالٍ | غەنىمەت |
| مُرَاعَاةً لِكَذَا / اِعْتِبَارًا لِكَذَا | ... ئېتىبارغا ئېلىپ، ... دەپ قاراپ |
| مَوْحًى بِهِ | ۋەھيى قىلىنغىنى، ۋەھيى قىلىنغان |
| تَضْيِيقٌ لِوَاسِعٍ | كەڭنى تارايتىش |
| صَدْرُ الْحَدِيثِ / مُقَدَّمُهُ | ھەدىسنىڭ باشلىنىشى |
| أَيٌّ مِنْ هَذَيْنِ الْأَمْرَيْنِ | بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەر قانداق بىرى |
| صَلَحَ يَصْلُحُ صَلاَحًا لِكَذَا / وَافَقَ عَلَى | باب كەلدى، ئۇيغۇن كەلدى |

| | |
|---|---|
| وَجْهُ إِرْتِبَاطٍ بَيْنَ ... | ...نىڭ ئارىسىنى باغلاش سەۋەبى |
| عَبَّرَ عَنْ رَأْيِهِ / بَيَّنَهُ بِالْكَلاَمِ | ئىپادىلىدى |
| عُبِّرَ بِالْمُضَارِعِ بَدَلَ اسْمِ الفَاعِلِ | ئۇ ئىنىق سۇپەتداشنىڭ ئورنىدا ھازىرقى زامان پېئىلى بىلەن ئىپادىلەندى |
| لإِفَادَةِ التَّجَدُّدِ و الحُدُوثِ | يېڭىلىنىپ تۇرۇش ۋە بولۇپ تۇرۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن |
| تَوَالَى الشَّيْءُ / تَتَابَعَ | ئۇلىشىپ كەلدى، ئۈزۈلۈپ قالمىدى |
| تَوَالَى النِّعَمِ والْعَطَاءِ | نېئمەتلەر ۋە سوۋغىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى |
| نَزَّهَ اللهَ عَنْ السُّوءِ/ قَدَّسَهُ و بَعَّدَهُ عَنْهُ | ئاللاھنى بارچە ئەيىپ نۇقساندىن پاك دەپ بىلدى |
| قَدَّسَ اللهَ / نَزَّهَ عَمَّا لاَ يَلِيقُ بِالأُلُوهِيَّةِ | ئاللاھنى مۇقەددەس دەپ بىلدى |
| أَجَابَ طَلَبَهُ / قَبِلَهُ وَقَضَى حَاجَتَهُ | تەلەپنى قوبۇل قىلدى، بەجا كەلتۈردى |
| أُمَّةُ الإِجَابَةِ | تەلەپنى قوبۇل قىلىدىغان جامائە |
| تُصَدَّقُ بِبَعْضِ أَفْرَادِهَا | ئۇ (جامائە) ئۆزىنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرى بىلەن ئېتىراپ قىلىنىدۇ |
| مَا يَقُومُ بِهِ بَعْضُهَا يَسْتَنِدُ إِلَيْهَا | ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قىلغان ئىشلار ئۇلارغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان بولىدۇ |
| رَفْعُ إِيْهَامِ أَنَّ... | ...دېگەن گۇماننى ئېلىپ تاشلاش |
| أَوْهَمَ الرَّجُلُ / وَقَعَ فِي الْوَهْمِ | خىيالغا پاتتى: دەپ ئويلىدى، گۇمان قىلدى |
| ثَنَى يَثْنِي فُلاَنًا عَنْ كَذَا / صَرَفَهُ عَنْهُ | قايتۇردى، ۋاز كەچتۈردى |
| وَعْدٌ | ۋەدە قىلىش، ۋەدە؛ قورقۇتۇش |
| وَعِيدٌ / تَهْدِيدٌ | تەھدىت سېلىش |
| جَهْرُهُمْ بِالْحَقِّ | ئۇلارنىڭ ھەققانىيەتنى ئوچۇق ئوتتۇرغا قويۇشى |
| صَلاَبَتُهُمْ فِي الْحَقِّ | ئۇلارنىڭ ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇشى |
| تَكْلِيفٌ / حَمْلُ عِبْءِ الْوَاجِبَاتِ والْحُقُوقِ | يۈك قىلىۋېلىش، زومۇزور قىلىش، زورۇقۇش |
| اِسْتَشْكَلَ الأَمْرُ / اِلْتَبَسَ عَلَيْهِ اِشْكَالاً | ئىش مۇرەككەپلەشتى |
| اِسْتَشْكَلَ عليه / أَوْرَدَ عَلَيْهِ إِشْكَالاً | مۇرەككەپلىككە ئېلىپ كەلدى، مۇرەككەپلەشتۈردى |
| يَتَرَتَّبُ عَلَيْهِ أَنَّ ... / يَنْتَجُ عَنْهُ | ... دىن ...دېگەن ئۇقۇم كېلىپ چىقىدۇ |
| لَفْظُ الْغَايَةِ | ئاخىرقى چەك مەنىسىدىكى سۆز (حَتَّى) |
| فِتْنَةُ الدَّجَّالِ / ضَلاَلُهُ | دەججالنىڭ پىتنىسى ، ئازدۇرۇشى |
| أَحْسَنُ التَّوْجِهَاتِ | ئېھتىماللىقلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى |

## فِقْهِ الْحَدِيثِ

| | |
|---|---|
| سَاقَ يَسُوقُ سِيَاقًا الحَدِيثَ / سَرَدَهُ و سَلْسَلَهُ | ئىزچىل بايان قىلدى، سۆزلىدى |
| كَانَ الحَدِيثُ قَدْ سِيق | ھەدىس سۆزلىنىلگەنىدى |
| إِثْرَ كَذَا / عَقِبَهُ | ...نىڭ ئارقىسىدىنلا، ... دىن كېيىنلا |
| دَوْنَ مَا كَانَ يُطْمَعُ | ئۈمىد كۈتۈلىۋاتقىنى بولمىغان |
| إِلْزَامُ الْمُعْتَرِضِ بِالتَّسْلِيمِ | نارازى بولغۇچىنىڭ بويسۇنۇشى لازىملىقى |

| | |
|---|---|
| اِسْتَزَادَ الرَّجُلُ / طَلَبَ زَادًا | ئوزۇق ئالدى |
| تَوْجِيهُهُ إِلَى فَهْمٍ... | ئۇنىڭ ...نى چۈشىنىشكە يۈزلىنىشى |
| مَوْرِدٌ ج مَوَارِدُ / مَصْدَرٌ | مەنبە |
| عِبْرَةٌ ج عِبَرٌ / عِظَةٌ و مِثَالٌ رَادِعٌ | ئىبرەت، ساۋاق |
| عِبْرَةٌ / نَظَرٌ فِي الأَحْوَالِ | ئېتىبارغا ئېلىش، نەزەردە تۇتۇش |
| عُمُومُ اللَّفْظِ | ئېيتىلىشتىكى ئومۇملۇق |
| خُصُوصُ السَّبَبِ | سەۋەبتىكى خاسلىق |

## يُؤْخَذُ مِنَ الْحَدِيثِ

| | |
|---|---|
| اَلْمَفْهُومُ أَنَّ ... | چۈشىنىشكە بولىدۇكى.... ...دەپ چۈشىنىش مۇمكىن |
| مَفْهُومُهُ أَنَّ ... | ئۇ (ھەدىس) تىن چۈشىنىلىدىغىنى... |
| مَا يَتَّصِلُ بِهَا مِنَ الْفُرُوعِ | ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار |
| اِكْتَسَبَ / تَصَرَّفَ وَ اجْتَهَدَ | تىرىشىپ ئىشلىدى، ئۈزلۈكسىز ئىشلىدى |
| فَتَحَ اللهُ عَلَيْهِ / هَدَاهُ وَ أَرْشَدَهُ | ھىدايەت قىلدى، توغرا يولغا يېتەكلىدى |
| مَنْ يَفْتَحُ اللهُ عَلَيْهِ بِهِ | ئاللاھ ئۇنىڭغا ھىدايەت قىلىدىغان كىشى |
| جِنْسُ الإِنْسَانِ / نَوْعِهِ | ئۇنىڭ تۈرىدىكىلەر |
| نَوْعِيَّةُ هَذَا الجِنْسِ | بۇ تۈرنىڭ تۈر ئالاھىدىلىكى |
| أَثَرٌ ج آثَارٌ / مَا نُسِبَ إِلَى الصَحَابَةِ مِنَ الأَقْوَالِ أَوْ الأَفْعَالِ | ئەسەر (ساھابىلارنىڭ سۆز- ھەركەتلىرى) |
| أَهْلُ الحَدِيثِ / اَلْفُقَهَاءُ اللَّذِينَ كَانُوا يَبْحَثُونَ عَنْ نَصٍّ مِنَ الْقُرْآنِ أَوِ السُّنَّةِ يَهْتَدُونَ بِهِ فِي فِتَاوِيهِمْ | ئەھلى ھەدىس (پەتىۋا ئىشلىرىدا قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاساسەن ئىش كۆرىدىغان فىقھى ئالىملىرى) |
| تَوْجِيهٌ حَسَنٌ | ياخشى بىر ئېھتىماللىق |
| يَحْتَمِلُ أَنْ يَكُونَ | ئۇ ...... بولۇشى ئېھتىمال |
| مَنْ يُقِيمُ أَمْرَ اللهِ / مَنْ يُؤَدِّيهِ | ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلايدىغان كىشى |
| مِنْ حَيْثُ اجْتِمَاعُ هَذِهِ الطَائِفَةِ فِي مَكَانٍ | بۇ تائىپەنىڭ بىر يەرگە توپلانغان بولۇشى جەھەتتىن |
| حُفَالَةٌ / حُثَالَةٌ . رَدِيءٌ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ | ناچار ، بۇزۇق ، چۈپرەندى |
| حُفَالَةُ الشَّعِيرِ أَوِ التَّمْرِ | ئارپا ياكى خورمىنىڭ قالدۇقى ، قاسرىقى |
| حُثَالَةٌ / حُفَالَةٌ | ناچار، چۈپرەندە |
| حُثَالَةُ التَّمْرِ | خورما قالدۇقى |
| نَزَا يَنْزُو نَزْوًا الذَّكَرُ عَلَى الْأُنْثَى / سَفَدَهَا | ئارتىلدى، جۈپلەشتى |
| يَنْزُو بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ نَزْوَالْمَعْزِ | ئۆلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئېكە ئارتىلغاندەك ئارتىلىدۇ |
| قَرْنٌ ج قُرُونٌ/ عَصْرٌ و جِيلٌ | دەۋر؛ ئەۋلاد |
| قَرْنُ الزَّمَانِ / مِائَةُ سَنَةٍ | ئەسىر |
| قَرْنٌ / أَهْلُ زَمَانٍ وَاحِدٍ | زامانداشلار |

| | |
|---|---|
| خَيْرُ الْقُرُونِ قَرْنِي | زامانلارنىڭ ياخشىراقى ماڭا زاماندىش بولغانلار |
| وَلَى يَلِي وَلْيًا فُلاَنًا / نَادَامِنْهُ و قَرُبَ | ...گە يېقىن بولدى، يېقىنلاشتى |
| اِسْتَشْهَدَ فُلاَنًا / سَأَلَهُ أَنْ يَشْهَدَ | گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىردى |
| نَذَرَ يَنْذُرُ نَذْرًا الشَّيْءَ/ أَوْجَبَهُ عَلَى نَفْسِهِ | ... گە كاپالەتلىك بەردى، ۋەدە بەردى |
| مُنَاظَرَةٌ | تالاش ـ تارتىش، مۇنازىرە |
| عَلَى أَمْرِ اللهِ / حَسَبَ أَمْرِ اللهِ | ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە |
| وَهُمْ عَلَى ذَلِكَ | ئۇلار ئاشۇ ھالەتتە تۇرۇقلۇق |
| مَسُّهَا مَسُّ الحَرِيرِ | تېگىشى يىپەكنىڭ تېگىشىگە ئوخشاش |
| لاَ تَتْرُكُ أَحَدًا ... إِلاَّ قَبَضَتْهُ | ئۇ (شامال) بىرەر كىشىنى قەبزى روھ قىلماستىن قالدۇرۇپ قويمايدۇ |
| فَعَلَيْهِمْ تَقُومُ السَّاعَةُ | ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا قىيامەت بولىدۇ |
| وَقْتُ مَوْتِهِمْ بِهُبُوبِ الرِّيحِ | ئۇلارنىڭ شامال چىقىش بىلەن ئۆلۈش ۋاقتى |
| سَائِرٌ / بَقِيَّةٌ | قالغان، باشقا |
| سَائِرُ النَّاسِ | قالغان كىشىلەر |
| سَائِرُ العُلُومِ | باشقا ئىلىملەر |

إِجْمَاعٌ / اِتِّفَاقُ الْمُجْتَهِدِينَ مِنَ الْمُسْلِمِينَ فِي عَصْرٍعَلَى حُكْمٍ شَرْعِيٍ

ئىجمائ بىر دەۋردىكى (ئىسلام دىنىدىكى نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ شەرىئەت ھۆكمى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن پىكرى )

| | |
|---|---|
| حُجِّيَّةُ الإِجْمَاعِ | ئىجمائنىڭ دەلىل بىلەن پاكىتلىنىشى |
| عَدَا يَعْدُو عَدْوًا الأَمْرَ وعَنْهُ / جَاوَزَهُ و تَرَكَهُ | ھالقىدى، ھالقىپ كەتتى |

مُجْتَهِدٌ / مَنْ يَهْوَى عِلْمَ الْكِتَابِ وَ وُجُوهَ مَعَانِيهِ و عِلْمَ السُّنَّةِ بِطُرُقِهَا وَ مُتُونِهَا وَ وُجُوهِ مَعَانِهَا مۇجتەھىد، نوپۇزلۇق دىنى ئالىم

| | |
|---|---|
| اِمْتِنَاعُ خُلُوِّ أَيِّ عَصْرٍ عَنْ مُجْتَهِدٍ | ھەر قانداق بىر دەۋر نوپۇزلۇق دىنى ئالىمدىن خالىي بولمايدىغانلىقى |
| رَأْفَةٌ / أَشَدُّ الرَّحْمَةِ | چوڭقۇر مېھرىبانلىق |
| حَيْثُ لَمْ يَغْلُظْ القُولُ | گەپ قوپال بولماسلىق جەھەتتە |
| بِرِفْقٍ / بِلُطْفٍ | ئىللىقلىق بىلەن |
| مَغِيْبٌ ج مَغِيْبَاتٌ / خِلاَفُ شَهَادَةٍ | غەيىپ ئىشلار |

## اَلْأَسْئِلَةُ

| | |
|---|---|
| إِيْقَاعُ السَّمْعِ عَلَى شَخْصٍ | ئاڭلاش ھەركىتىنىڭ ئادەمگە يۆكىلىنىشى |
| لِمَ نُكِّرَ "خَيْرًا"؟ | نېمە ئۈچۈن ئۇ «خَيْرًا» شەكىلدە ئېنىقسىز ھالەتتە كەلتۈرۈلدى |
| أُسْلُوبُ الْقَصْرِ | چەكلەش مەنىسىدىكى جۈملە شەكلى |
| طَرِيقُ القَصْرِ | چەكلەشنىڭ ئۇسۇلى |
| نَوْعُ الْقَصْرِ | چەكلەشنىڭ تۈرى |
| طَبَّقَ الْقَاعِدَةَ عَلَى كَذَا | تەتبىقلىدى ، دەلىللىدى |

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 10 ـ ئايلىق ناماز ۋاقىتلىرى

| ئۆكتەبىر (10 ـ ئاي) | | بامدات | كۈن چىقىش | پېشىن | ئەسىر | شام | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | چارشەنبە | 4:38 | 6:06 | 12:30 | 3:16 | 5:54 | 6:52 |
| 2 | پەيشەنبە | 4:39 | 6:07 | 12:30 | 3:14 | 5:53 | 6:51 |
| 3 | جۈمە | 4:40 | 6:08 | 12:30 | 3:13 | 5:51 | 6:49 |
| 4 | شەنبە | 4:41 | 6:09 | 12:30 | 3:12 | 5:49 | 6:47 |
| 5 | يەكشەنبە | 4:43 | 6:11 | 12:30 | 3:10 | 5:47 | 6:45 |
| 6 | دۈشەنبە | 4:44 | 6:12 | 12:30 | 3:09 | 5:45 | 6:43 |
| 7 | سەيشەنبە | 4:45 | 6:13 | 12:30 | 3:08 | 5:44 | 6:42 |
| 8 | چارشەنبە | 4:46 | 6:14 | 12:30 | 3:06 | 5:42 | 6:40 |
| 9 | پەيشەنبە | 4:47 | 6:15 | 12:30 | 3:05 | 5:40 | 6:38 |
| 10 | جۈمە | 4:49 | 6:17 | 12:30 | 3:04 | 5:38 | 6:36 |
| 11 | شەنبە | 4:50 | 6:18 | 12:30 | 3:02 | 5:37 | 6:35 |
| 12 | يەكشەنبە | 4:51 | 6:19 | 12:30 | 3:01 | 5:35 | 6:33 |
| 13 | دۈشەنبە | 4:52 | 6:20 | 12:30 | 3:00 | 5:33 | 6:31 |
| 14 | سەيشەنبە | 4:53 | 6:21 | 12:30 | 2:58 | 5:32 | 6:30 |
| 15 | چارشەنبە | 4:55 | 6:23 | 12:30 | 2:57 | 5:30 | 6:28 |
| 16 | پەيشەنبە | 4:56 | 6:24 | 12:30 | 2:56 | 5:28 | 6:26 |
| 17 | جۈمە | 4:57 | 6:25 | 12:30 | 2:55 | 5:27 | 6:25 |
| 18 | شەنبە | 4:58 | 6:26 | 12:30 | 2:53 | 5:25 | 6:23 |
| 19 | يەكشەنبە | 4:59 | 6:28 | 12:30 | 2:52 | 5:23 | 6:21 |
| 20 | دۈشەنبە | 5:01 | 6:29 | 12:30 | 2:51 | 5:22 | 6:20 |
| 21 | سەيشەنبە | 5:02 | 6:30 | 12:30 | 2:49 | 5:20 | 6:18 |
| 22 | چارشەنبە | 5:03 | 6:31 | 12:30 | 2:48 | 5:18 | 6:16 |
| 23 | پەيشەنبە | 5:04 | 6:33 | 12:30 | 2:47 | 5:17 | 6:15 |
| 24 | جۈمە | 5:05 | 6:34 | 12:30 | 2:46 | 5:15 | 6:13 |
| 25 | شەنبە | 5:06 | 6:35 | 12:30 | 2:45 | 5:14 | 6:12 |
| 26 | يەكشەنبە | 5:08 | 6:37 | 12:30 | 2:43 | 5:12 | 6:10 |
| 27 | دۈشەنبە | 5:09 | 6:38 | 12:30 | 2:42 | 5:11 | 6:09 |
| 28 | سەيشەنبە | 5:10 | 6:39 | 12:30 | 2:41 | 5:09 | 6:07 |
| 29 | چارشەنبە | 5:11 | 6:40 | 12:30 | 2:40 | 5:08 | 6:06 |
| 30 | پەيشەنبە | 5:12 | 6:42 | 12:30 | 2:39 | 5:06 | 6:04 |
| 31 | جۈمە | 5:13 | 6:43 | 12:30 | 2:38 | 5:05 | 6:03 |

**ئەسكەرتىش:** مەزكۇر جەدۋەلدىكى ۋاقىت ئۈرۈمچى ۋاقتى بولۇپ، ئەزان ئوقۇلىدىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.